

2024 يانۋار

ئومۇمي 53-سان

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر

1



ئاپەتتىن بۇرۇنقى قەشقەر

43



ختاي ئۆز پۇتىغا پالتا چېپىۋاتامدۇ؟

31

ئومۇمىي 53-سان　　　　2024 يانۋار

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



**ئاتاقلىق يازغۇچى ئابدۇللا ساۋۇت**

**1950-يىلى - 2022-يىلى دېكابىر**

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئۇيغۇرلار: ئاپەتتىن ئىلگىرىكى قەشقەر

ماراكەش زىيارىتىدىن ئالغان بەزى تەسىراتلىرىم 69

## ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

## خىتاي تەتقىقاتى

خىتاي ھۆكۈمىتى قايسى تەرزدە ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىۋاتىدۇ؟

## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكا-ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى ھەققىدە 101

## گۈلىستان

سوقراتنىڭ ئۆلۈمى ۋە سىيسەت نوچىنىڭ غەلىبىسى 38

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ رومانلىرىدىكى تارىخىي چىنلىق 80

## كۆڭۈل ۋە تەن

تۆت ئاددىي ئۇسۇل ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئادەتنى قانداق شەكىللەندۈرىمىز 86

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

باشقىچە كۆز قاراش 74

## تارىخ ۋە بىز

قىتان دۆلىتىدە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر كولتۇرى














THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى



پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي



# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

دوكتور ستەنلى رىدگلېي

(ئامېرىكا درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

## ئاپتورھەققىدە

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي (Stanley K. Ridgley) ئامېرىكا درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتى لېبوۋ سودا ئىنستىتۇتى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتىدۇر. ئۇ چەپېل خىلدىكى (Chapel Hill) شىمالىي كارولىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا، دىيۇك ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسىي پەنلەر بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا، تېمپول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا سودا باشقۇرۇش كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ۋە دىيۇك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر پەنلىرىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە لومونوسوۋ موسكۋا شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە پارىژ ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. پروفېسسور رىدگلېي درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىشتىن بۇرۇن، تېمپول ئۇنىۋېرسىتېتى فوكس سودا ئىنستىتۇتىدا خەلقئارا سودا باشقۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش كەسپىنىڭ دوتسېنتى بولغان.

پروفېسسور رىدگلېي يەرشارىۋى سودا سىياستى، خەلقئارا سودا ئاساسلىرى، رىقابەت ئىستىخباراتى (Competitive Intelligence)، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش ۋە ئىگىلىك تىكلەش، ئىلغار ئىستراتېگىيەلىك سودا تونۇشتۇرۇشلىرى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتىدۇ. ئۇ ئامېرىكا، رۇسىيە، ھىندىستان، فرانسىيە، كولۇمبىيە ۋە سىنگاپوردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ۋە كەسپىي سودا خادىملىرىغا كۆپ قېتىم دەرس ۋە لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇ تېمپول ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقاندا، مۇسېر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

پروفېسسور رىدگلېي سودا كەسپىدە ئوقۇيدىغان ستۇدېنتلار گۇرۇپپىسىنىڭ تونۇشتۇرۇش مەشقاۋۇلى (presentation coach) سۈپىتىدە، 2009- ۋە 2010-يىللىرى تېمپول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يىللىق سودا ئۆرنەكلىرى مۇسابىقىسىدە ئۈتۈپ چىققان.

ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ سابىق ھەربىي ئىستىخبارات ئەمەلدارى بولغان پروفېسسور رىدگلېي غەربىي بېرلىندا ۋە چېخ-گېرمانىيە چېگراسىغا يېقىن جايدا بەش يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇ غەربىي گېرمانىيە يەتتىنچى ئارمىيە سېرژانت مەكتىپىدە جورج س.پاتتون رەھبەرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

***

تېما دائىرىسى:

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر — ئەتراپىمىزدىكى قالايمىقان دۇنيانىڭ سىرلىرىنى يېشىش ۋە قۇدرەتلىك كۈچلەرنى ئۆز مەقسىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئالاقىداردۇر. بۇ تەھلىل قوراللىرىدىن ۋە تاكتىكىلاردىن پايدىلىنىپ، نىشانىمىزغا — مەيلى شەخسىي ياكى كەسپىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — يېتىش پۇرسىتىمىزنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاشۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ ۋە ئاقىلانە تەدبىر قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئەسەردە بىز تارىختىكى ئەڭ قالتىس ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىزگە نېمىلەرنى ئۆگىتەلەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ قانداق قىلىپ بىزنى دادىل ۋە قابىل ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرلارغا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىنى ئۆگىنىمىز. بۇ ئارقىلىق بىزنى مەقسىتىمىزگە يېتىشتىن توسىدىغان ئىچكى ۋە تاشقى توسالغۇلارنى قانداق يېڭىشنى ئۆگىنىمىز. ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئەتراپىمىزدىكى دۇنياغا بولغان تونۇشىمىزنى ئاشۇرىدۇ، ئىلگىرى چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان ۋەقەلەرنى چۈشىنىشلىك قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق سىز نۇرغۇن ساھە ۋە ئوخشىمىغان قاتلامدىكى ئىشلارنى بىر-بىرىگە باغلىيالايدىغان بولىسىز. سەۋەب بىلەن نەتىجە بەزىدە بىر-بىرىدىن تولىمۇ يىراق بولۇپ، بىز سەۋەب-نەتىجە لىنىيەسىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندا، مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ. قارىماققا يەككىدەك كۆرۈنىدىغان ھادىسىلەر بىز ئاسان تونۇۋالالايدىغان ئەندىزىلەر ئارقىلىق ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر رامكىسى بىر يۈرۈش كۈچلۈك تەھلىل قوراللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قوراللار بىزنى مۇرەككەپ دۇنيانى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا بىزنىڭ تەپەككۇر، قىلمىش ۋە باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ قوراللار كارخانىلارنىڭ ئىستراتېگىيە بەلگىلەش گۇرۇپپىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرىنىمۇ سىنارىيە لايىھەلەش، ئىستراتېگىيەلىك تاللاش ۋە تاكتىكىلىق ئىجرائات قاتارلىقلاردا يېتەكلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

بىز ئىستراتېگىيەنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى لېكسىيەدىن باشلىنىپ، ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئۇقۇمىنىڭ قەدىمكى ئۇرۇش نەزەرىيەسىدە قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەت پرىنسىپلىرىنىڭ كاتتا نەزەرىيەشۇناس ئىجرائاتچىلارنىڭ (theorist-practitioner) كالللىسىدا قانداق سۈزۈكلىشىشكە باشلىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز. ئىستراتېگىيەنىڭ قەدىمىي مەنبەسى — مەيلى

يۇنان ياكى خىتايدا بولسۇن ــ ھەربىي ساھەدە بولغاچقا، بىز ئىشنى مۇشۇ يەردىن باشلاپ، تۇسىدىدېس (Thucydides) ۋە سۇنزى قاتارلىق نەزەرىيەشۇناس ئىجرائاتچىلار، شۇنداقلا دېلىيۇم (Delium) ۋە كانېيغا (Cannae) ئوخشاش قەدىمكى جەڭلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئاقارتىش دەۋرىدە (Enlightenment) جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئىلغار ئىستراتېگىيەلەر ۋە تاكتىكىلىق تەرەققىياتلار بىلەن ناپالېئون دەۋرىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. زامانىۋى ھەربىي ئىستراتېگىيەنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئىسىم قويۇش ۋە ئۇلارنى سىستېمىلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشى ھەقىقەتەن ناپالېئوندىن باشلانغان. بىز ناپالېئوننىڭ ئوي-پىكىرلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى، شۇنداقلا 19-ئەسىر ئىستراتېگىيە ساھەسىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى نەزەرىيەچىلەردىن جومىنى (Jomini) ۋە كلاۋسېۋىتزنىڭ (Clausewitz) ناپالېئوندىن ئالغان تامامەن باشقىچە ساۋاقلىرىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

زامانىۋى دەۋرگە قارىتا، بىز ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ باشقا ساھەلەردىكى تەپەككۇرنى قانداق تويۇندۇرۇشقا ۋە تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشكە باشلىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلىپ ھەربىي، سودا، سىياسەت، تەنتەربىيە، ھەتتا كۆڭۈل ئېچىش ساھەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان قورالغا ئايلانغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىمىز. ھەربىي توقۇنۇش پرىنسىپىنى رىقابەت پرىنسىپى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ ۋە بۇ بىزنى ئىستراتېگىيەلىك ئۇرۇنۇشلىرىمىزدا ھەر خىل تاكتىكىلىق تاللاشلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئوتتۇرا باسقۇچلۇق دەرسلىكىمىزدە، زامانىۋى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر تەمىنلىگەن ھەر خىل قوراللار ۋە ئەقلىي نۇقتىئىينەزەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىمىز. بۇ يەردە، ئىستراتېگىيە بىلەن ئىستراتېگىيەلىك قوراللارنىڭ پەرقىنى چۈشىنىش زۆرۈر. ئىستراتېگىيە ئېلىپلا ئىشلەتكىلى بولىدىغان تەييار پىلان ياكى سايمان ساندۇقىغا سېلىپ قويۇلغان تەييار سايمان ئەمەس.

مەيلى قايسى ساھەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قانداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىستراتېگىيەنىڭ ئاچقۇچى ئومۇمىي بۇرچقا بولغان ئېنىق تونۇشتۇر. سودا ئىستراتېگىيەچىلىرىدىن خامېل (Hamel) بىلەن پراخالاد (Prahalad) بۇنى «ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئا» (strategic intent) دەپ ئاتايدۇ. قارىسىغا شاپاشلاشنىڭ ئورنىغا، ئېنىق ۋە ئەھمىيەتلىك ۋەزىپە باياناتىنى تۈزۈش پۈتكۈل ئىستراتېگىيەلىك پىلان جەريانىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ يەردە تەپسىلىي ئىزاھلانغان جەريان ۋەزىپە، نىشان، ۋەزىيەت تەھلىلى، ئىستراتېگىيە تۈزۈش، ئىستراتېگىيەنى ئىجرا قىلىش ۋە كونترول قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئاددىي پىلانلاش جەريانى تەپەككۇرىمىز ئۈچۈن قۇرۇلمىلىق رولنى ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇ بىر دەۋرىيلىك جەريان بولۇپ، بىزنى ۋەزىيەت تەھلىلىگە ئۈندەيدۇ. بىز تاشقى ۋە ئىچكى مۇھىتنى ئۈزلۈكسىز باھالاپ، ئىستراتېگىيەمىزنى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۆزگەرتىمىز.

بىز ئۆزىمىز ئۈچۈن بار بولغان ئۇللۇق رىقابەت تاللانمىلىرىنى (fundamental competitive choices)، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكلىرىنى، ئۆزىمىزنى قانداق قىلىپ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك

ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈشنى ئۈگىنىمىز. بىز يەنە رىقابەت ئەۋزەللىكىنىڭ مەنبەسى ۋە كۆك ئوكيان ئىستراتېگىيەسىدىن (the blue ocean strategy) ئىبارەت قالتىس تېخنىكىنى ئۈگىنىمىز ھەمدە بۇ ئارقىلىق رىقابەت ئەۋزەللىكىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز ۋە ساقلاپ قالالايمىز.

نۇرغۇن ئىستراتېگىيەلەرنىڭ ئىجرائاتىدا، يەنى تاكتىكىلارنىڭ ئېنىق ۋە توغرا ئىجرا قىلىنىشىدا يېتەرسىزلىك مەۋجۇت. بىز ئۆزىمىز تاللىغان توقۇنۇش رايونلىرىدا بىزنى كۈچلەندۈرىدىغان ئۇدۇل ھۇجۇم، يان ھۇجۇم، ۋاستىلىك لىنىيە ۋە (دۈشمەننىڭ تەمىنات لىنىيەسىگە ۋە باش شتابىغا ھۇجۇم قىلىش دېگەندەك) ئارقا سەپ جېڭى قاتارلىق تاكتىكا ۋە پرىنسىپلارنى كۆزدىن كەچۈرىمىز ھەمدە تۈيۈقسىز ھۇجۇملارنىڭ ئالاھىدە كۈچى ۋە ھەسسىلەپ ئاشىدىغان ئۈنۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز. بىز يەنە ئىستىخبارات ئايلانمىسى (intelligence cycle ــ مەمۇري ياكى ھەربىي ئىستىخبارات ئورگانلىرى ياكى قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئىستىخباراتنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئاساسلىق دەۋرىيلىك جەريانى بولۇپ، بۇ تەكرار تۈگۈنلەردىن تەركىب تاپقان يېپىق ھالقىدۇر، ت) ۋە سىنارىيە پىلانىنىڭ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى زور قوللىنىشچانلىقىنى رىقابەتچىلىرىمىزنىڭ ئېھتىمالىي كونكرېت ھەرىكىتىنى ۋە پىلانىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ماكرو ئامىللارنىڭ يۆنىلىشىنى ئالدىن پەرەز قىلىش ئىقتىدارىنىڭ موتورى سۈپىتىدە ئۆگىنىمىز.

چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەيلى قايسى ساھەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى ئىستراتېگىيەچىنىڭ زېھنىيىتىدۇر. بىلىش پىسخولوگىيەسى، ئىستراتېگىيەلىك بىۋاسىتە سېزىم، رىقابەت نەزەرىيەسى، سىستېمىلىق مەسىلىلەر ۋە «تەقدىر»گە بولغان تونۇشلار ھەققىدە لېكسىيەلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە ۋە ئەتراپىمىزدىكى دۇنياغا بولغان تونۇشىمىز ئىستراتېگىيەمىزنىڭ ئۈنۈمىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، لېكسىيەلىرىمىزدىن بىرىدە ھەممىگە ئايان بولغان چوڭ ئىستراتېگىيەلىك تۇسالغۇلار مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئېتىراپ قىلىنغان ۋە مۇۋاپىق ئويلىنىلغان تەقدىردە، بۇ توساقلاردىن قانداق قىلىپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

مەزكۇر يۈرۈشلۈك لېكسىيەلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدا، ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ ئۆز كەسپىنى راۋاجلاندۇرغان ۋە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن تۆت ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرنىڭ ھاياتى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئاخىرقى دەرستە، بىز ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر پرىنسىپىنى قايتا بايان قىلىپ ئۆتىمىز. شۇنداقلا، ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تۇرمۇش ئادىتىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرغانلارنى، كەلگۈسىدىن قورقمايدىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتەلەيدىغانلارنى كۈتۈپ تۇرغان مۇكاپاتلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

دەرسلىكىمىزنىڭ ئاخىرىدا، سىز دۇنياغا بولغان كۆز قارىشىڭىزنىڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئۆزگەرگەنلىكىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، بۇ چاغدا سىز ئەندىزە ۋە لىنىيەلەرنى كۆرۈپ

يېتەلەيدىغان، تۇرلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ۋە ئۆزگىچە شەكىلدە سىزگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇئەييەن كۈچلەر باغلىنىشچانلىقىدىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ماكرولۇق ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلالايدىغان بولىسىز. سىز ئىستراتېگىيەلىك تاللاش (يەنى كونكرېت ئەھۋالىڭىزغا دەل ماس كېلىدىغان قوراللارنى تاللاش) ئۇقۇمىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندا، تەپەككۇرىڭىز سۈزۈكلىشىدۇ، ئالدىڭىزنى توسۇپ تۇرغان ئېنىقسىزلىق تۇمانلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئېنىق نىشان ۋە يۆنىلىشكە ئىگە بولغانلىقىڭىزنى كۆرىسىز. تەھلىل تېخنىكىلىرى ۋە قوراللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش، شۇنداقلا ۋەزىيىتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىسىڭىز، نىشانىڭىزغا يېتىش پۇرسىتىڭىز ئاشىدۇ. سىجىل ئۆزگىرىش ۋە مالىمانچىلىققا تولغان دۇنيادا ئېنىقلىق ۋە ھەرىكەتتىكى ئۇنۇمگە ئېرىشىش ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ ئەڭ كاتتا سوۋغىسىدۇر.

## 1. ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر دۇنياسى

قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پىلانلاشنى ئۆگىنىپ، رىقابەتچىلىرىڭىزدىن ئېشىپ كېتەلەيسىز ۋە كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىز ئەھۋاللاردىن ساقلىنالايسىز؟ بۇنىڭ جاۋابى «ئىستراتېگىيە»دۇر. بۇ دەرسلىك سىزنى سودا ۋە تۇرمۇشتا ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم قوراللار بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. بۇ لېكسىيەلەردە، سىز مەسىلىنى ھەل قىلىش، ھالقىلىق قارار چىقىرىش، رىقابەت ئىستىخباراتى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆپ خىل ماھارەت ۋە تېخنىكىلارنى ئۆگىنىسىز. ئالدىمىزدا كۆرىدىغىنىمىزدەك، ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر «بۈگۈنكى ھەرىكىتىمىز ئەتە ئەڭ ياخشى نەتىجە بېرىدۇ» دېگەن ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسىگە قاراش ئۇسۇلىدۇر.

كۇۋارتېربېكنىڭ (Quarterback ــ زەيتۇن توپ مۇسابىقىلىرىدە كوماندىنىڭ ھۇجۇمىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە ھەر بىر ھۇجۇمنىڭ بېشىدا توپنى باشقا توپچىلارغا يەتكۈزىدىغان توپچى، ت) ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرى

زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىدە ھۇجۇم گۇرۇپپىسىنىڭ ئوتتۇرا مەيدانغا جۈغلىشىپ مەسلىھەتلىشىشى (huddle) بىلەن توپنى چاترىقىدىن چىقىرىپ كۇۋارتېربېككە ئېتىشى (snap) ئارىسىدىكى ھالقىلىق 10 ~ 15 سېكۇنتنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

ھۇجۇمچى كوماندا توپنى يۆتكەش ئارقىلىق تۇنجى «ئون ياردلىق ھۇجۇم»نى (down ــ زەيتۇن توپ ھەرىكىتىدە، بۇ بىر كوماندىنىڭ توپ بىلەن ئون يارد ئىلگىرىلەپ ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن تۆت قېتىملىق پۇرسەتنى كۆرسىتىدۇ. بىر كوماندا ئۇدا تۆت قېتىملىق ھۇجۇمدا توپنى يوقىتىپ قويسا

ياكى ئون يارد ئىلگىرىلىيەلمىسە، بۇ پۇرسەت ئاياغلىشىدۇ، ت) تامامىلاشتىن ئىبارەت ئوتتۇرا باسقۇچلۇق پىلان تۈزدى. بۇ پىلاندا مەيدان شارائىتى، جۈملىدىن تۈنجى ئون ياردلىق ھۇجۇمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇساپە، قېپقالغان ئون ياردلىق ھۇجۇم قېتىم سانى ۋە نومۇر ئېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇساپە قاتارلىقلار ئويلىشىلدى. مۇداپىئەچى كوماندىسىمۇ مەيداندىكى ئوخشاش ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن بېكىتىلگەن تاكتىكىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

ھەقىقىي كۈچلۈك ئىستراتېگىيەلەر ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كېلىدۇ. جۇغلىنىشىپ مەسلىھەتلىشىش بىلەن توپنى كۋارتېربېككە ئېتىش ئارىلىقىدىكى ئاشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، كۋارتېربېك رەقىب كوماندا ھەققىدىكى ئۈچۈرلارنى توپلايدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ قارشى تەرەپنىڭ مۆلچەرلەنگەن ھەرىكەت پىلانىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، تاكتىكىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن.

تاكتىكا ياكى پىلاننى ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى بۇ خىل ئىقتىدار ھەقىقىي ئىستراتېگىيەنىڭ جەۋھىرى، يەنى ئەڭ ياخشى نەتىجە بېرىدىغان ھەرىكەت ۋە ئىنكاسنىڭ ئۆزگىرىشچان جەريانىدۇر.

## يېتىلدۈرۈلىدىغان ماھارەت

بىز قانداقتۇر تولۇق يېتىلگەن ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن تۇغۇلمايمىز. ئەكسىچە، بۇ چوقۇم يېتىلدۈرۈشكە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك ماھارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە، كۆپىنچە كىشىلەر بىلىش بېكىنمىچىلىكى (cognitive confinement) ئەندىزىسىگە ياكى تۇراقلىق تەپەككۇرغا ئەسىر بولۇپ، كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىشنى ئاڭلىق ھالدا رەت قىلىدۇ.

ئالبېرت ئېينىشتېيىن «ئوخشاش ئىشنى تەكرارلاپ، ھەر قېتىمدا ئوخشىمىغان نەتىجىنى كۈتۈش ساراڭلىقتۇر» دېگەن. بۇ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ تەتۈرسى بولۇپ، خىزمەت مۇھىتىدا بىز ئېتىراپ قىلغاندىنمۇ كۆپ كۆرۈلىدۇ.

نۇرغۇن خىزمەتداشلىرىمىز ياكى خىزمەتچىلىرىمىز «سوئال سوراش، پەرەزلەرنى باھالاش، ئۇچۇر توپلاش، تەھلىل قىلىش ۋە پىلانلاش، ئاندىن ھەرىكەتكە ئۆتۈش»تىن ئىبارەت تەرتىپلىك جەريانغا رىئايە قىلمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر سوئال قويماستىن، كۆنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىۋېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھەممىمىز كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىمىز. ئەمما، كەلگۈسى ھەققىدىكى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر بىلەن خام خىيالنىڭ پەرقى بار. ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر نىشان بەلگىلەش ۋە بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزۈن مۇددەتلىك پىلان تۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پىلانلار ئىچكى-تاشقى مۇھىتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىشنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئاساس قىلىدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر مەنتىقلىق تەپەككۇر قىلىشنى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ «بىزنىڭ بەش يىلدىن كېيىن قەيەردە بولماقچى ئىكەنلىكىمىز بۆگۈنكى قىلمىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك» دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر.

## هالقىلىق ئاتالغۇلار، ئېنىقلىمىلار ۋە ئۇقۇملار

«ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ، ئىستراتېگىيە ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان «چوڭ ئىدىيە»لەرنى (big ideas) كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇددىئا بىزنى كەلگۈسى ــ سېتىۋالماقچى بولغان ئۆي، قىلماقچى بولغان كەسىپ قاتارلىقلار ــ ھەققىدە ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ.

«ئىستراتېگىيە» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭ نوقۇل ھالدا پىلان ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئۇ كەلگۈسىنى ئۆز مۇددىئايىمىز ۋە نىشانىمىزغا بىنائەن ھېس قىلىش ۋە ئويلاش ئۇسۇلىدۇر. ئۇ يەنە ئۆزگىرىشچان مۇھىتقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ھەم ئاشۇ مۇھىتقا ئىنكاس قايتۇرۇش ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىشنى، ھەم مۇمكىن بولسا، ئۇ مۇھىتنى ئۆز مەنپەئەتىمىزگە ماس ھالدا ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خىتاينىڭ قەدىمكى ھەربىي ئىستراتېگىيەچىسى سۇنزى «سۇنزىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى» دېگەن كىتابىدا بىزگە ئەڭ داڭلىق ئىستراتېگىيەلىك نەزەرىيەلەرنى قالدۇرغان. سۇنزىنىڭ ئاقىللىقى ئۇنىڭ رېئاللىقنىڭ ئېقىشچانلىقىنى ۋە ھەر قانداق ئىستراتېگىيە ئىجرائاتچىسىنىڭ چوقۇم رېئاللىققا ماسلىشىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلەنگەن.

غەرب دۇنياسىدا، «ئىستراتېگىيە» ئۇقۇمى 19-ئەسىردە فرانسىيە گېنېرالى ئانتونى دې جومىنىنىڭ (Antoine de Jomini) «ئۇرۇش سەنئىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (Summary of the Art of War) دېگەن كىتابى بىلەن كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىغان. جومىنىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرغا قوشقان تۆھپىسى ئۇنىڭ ئالاقىنىڭ ئىچكى لىنىيەلىرىنى پەرقلەندۈرگەنلىكىدە ۋە «كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش» (concentration of force) ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

پرۇسسىيەلىك ھەربىي ئوفىتسېر كارل ۋون كلاۋسېۋىتز (Carl von Clausewitz) بەزى مۇھىم تەرەپلەردە جومىنىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان. ئۇ ئېنىقسىزلىق، پۇرسەت ۋە ئېھتىماللىق توقۇنۇشىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ دەپ قارىغان ۋە بۇنى «سۈركىلىش» دەپ ئاتىغان. ئۇ بۇ خىل سۈركىلىشنى يېڭىش ئۈچۈن «بىر قاراشتىلا ھەربىي ۋەزىيەت ۋە يەر شەكلىنىڭ ئەۋزەللىك-يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ يېتىش ئىقتىدارى» (coup d'oeil) بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

20-ئەسىردىكى ئەڭ تەسىردار ئىستراتېگىيەچىلەرنىڭ بىرى سېر باسىل لىدېلدۇر خارت (Sir Basil Liddell Hart)، ئۇنىڭ تۆھپىسى «ۋاسىتىلىك لىنىيە» (indirect approach) نەزەرىيەسى بولۇپ، بۇ بىر

خىل خاتا يېتەكلەش مېتودىدۇر. خارتىنىڭ ئىدىيەسى شۇكى، «بىز ھەرگىزمۇ مۇستەھكەم ئىستىھكام تۈزۈپ بولغان دۈشمەن كۈچلىرىگە ئۇدۇل ھۇجۇم قىلماسلىقىمىز كېرەك؛ ئەكسىچە، مەقسىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزگىچە ئورۇنباسار لىنىيەلەرنى ئىزدىشىمىز كېرەك.»

## ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكا

بىز بەزىدە «تاكتىكا» سۆزىنىڭ «ئىستراتېگىيە» سۆزى بىلەن بىللە قوللىنىلغانلىقىنى ئاڭلايمىز، ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى بار. بىز ئىستراتېگىيەنى بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك پىلانلارنىڭ بىر قىسمى، تاكتىكىلارنى بولسا ئىستراتېگىيەنىڭ ئىجرائاتى دەپ قاراشقا مايىلمىز.

ئەگەر سىزنىڭ ئىستراتېگىيەڭىز دوختۇر ياكى ئادۋوكات بولۇش بولسا، سىز تاللىغان دەرسلەر ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمى، ئەمما ئۆگىنىش ۋە تەييارلىق قىلىش ئۇسۇلى بولسا تاكتىكىلاردۇر.

كلاۋسېۋىتز توقۇنۇشنىڭ سەۋىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىلارنى پەرقلەندۈرگەن. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «تاكتىكا جەڭدە ئەسكەر ئىشلىتىش بولغىنىدەك، ئىستراتېگىيە ئۇرۇش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئۇرۇشنى ئىشلىتىشتۇر.»

ئىستراتېگىيە ياخشى ئىجرا قىلىنغان تاكتىكىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تاكتىكىلاردىن ئايرىلالمايدۇ. نۇرغۇن ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەلىك پىلانلار بۇ ھالقىلىق نۇقتىنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكتىن مەغلۇپ بولغان.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئىستراتېگىيەنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش بىلەنلا ئاياغلاشمايدۇ. ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئىستراتېگىيەنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جەريانىدا مۇھىت بىلەن سىجىل تەسىرلىشىشنى (interaction) كۆرسىتىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىستراتېگىيە ھەرىكەتچان، ماسلىشىشچان ۋە پۇرسەتپەرەس بولۇپ، ئۇ تاكتىكىلارنىڭ تېز، قاراملارچە ۋە دادىل ئىجرا قىلىنىشىغا تايىنىدۇ.

## ئىستراتېگىيەلىك نەزەرىيە ۋە تەپەككۇر

سودا دۇنياسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نەزەرىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى «مۇنبەت تۇپراق» ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. خارۋارد سودا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى مايكېل پورتېرنىڭ (Michael Porter) ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى رىقابەت ئەۋزەللىكى، رىقابەت ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر جەھەتتىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك خىزمەتلىرى ئامېرىكادىكى سودا ئىنستىتۇتلىرىدا ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى ۋە زور ھۆرمەتكە ئېرىشتۈردى.

پورتېرغا كۆرە، «ئىستراتېگىيە ئۆزگىچە قىممەت بىرىكمىسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ئوخشىمىغان پائالىيەتلەرنى تالالاش»نى ــ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلارنى پەرقلىقرەك تەرزدە قىلىشنى ــ

كۆرسىتىدۇ. بۇ ئېنىقلىما ھەربىي ۋە سودا ساھە ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا قەدىمكى ۋە زامانىۋى تەپەككۇر ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنى تولدۇرغان.

«پەرقلىق بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى تاللاش» قەدىمكى گېنېرال ھاننىبالنىڭ (Hannibal) مىلادىدىن ئىلگىرىكى 216-يىلى كانىي ئۇرۇشىدا ئەسكىرى ئۆزىنىڭكىدىن بەكلا كۆپ بولغان رىم قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىشىغا؛ شۇنداقلا ئالما شىركىتىنىڭ 1980-يىللاردىكى شەخسىي كومپيۇتېر ئىنقىلابىدا ئاساسلىق رول ئوينىشىغا ئىمكانىيەت ياراتقان.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر نىشانغا يۈزلەنگەن، قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئېنىق تەرزدە كەلگۈسىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئۇ تەھلىل خاراكتېرلىك ۋە ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگىدۇر. ئۇ كۈچ ۋە يۈزلىنىشنى، شۇنداقلا ئېنىقسىزلىقنى ھەمدە ئاشۇ خىل ئېنىقسىزلىقنى تۈگىتىش ياكى ئۇنىڭغا ماسلىششنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قورال خاراكتېرلىكتۇر؛ بىز ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇردىن نىشانغا يېتىشتىكى ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىمىز. ئۇ پۇل، ۋاقىت ياكى ئەمگەككە ئوخشاش بايلىقتا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ چوڭ ۋە كەڭ ساھەلەردىن تارتىپ ئائىلە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقىچە بولغان ھەر خىل پائالىيەتلەردە كارغا كېلىدۇ.

## ئىستىخباراتنىڭ مۇھىملىقى

ئىستىخبارات ۋە تەھلىل تەنقىدىي تەپەككۇردا مۇھىم رول ئوينايدۇ، ساغلام ئىستراتېگىيەلىك قۇرۇلما بەرپا قىلىشنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز قارشى تەرەپنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپلا قالماستىن، يەنە قارشى تەرەپنى ئۆز مۇددىئايىمىز ھەققىدە قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنىمىز. خۇددى ئامېرىكا ئارمىيەسى 1991-يىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا، كۇۋەيتكە يالغاندىن دېڭىزدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندەك.

رىقابەت ۋەزىيىتىدە، «تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش» سەل سەممىيەتسىزدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمما، تەنتەربىيە، سودا ۋە سىياسەت ساھەلىرىدە بىز ئەپچىللىك بىلەن لايىھەلەنگەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم كىشلەرنىڭ قايىللىقىنى قوزغىيالايدۇ. ئوخشاشلا، زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىدە، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋە ئالداش ئويۇننىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، رىقابەت ئەۋزەللىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن، «يالغاندىن پاس بېرىش ئارقىلىق يۈگۈرۈۋېلىش» (draw play) مۇداپىئەچىنى مەيداننىڭ خاتا رايونىغا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋە نەيرەڭلەر ئىستراتېگىيەلىك نىشانلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى يارامىلىق قوراللاردۇر. (دۈشمەنگە قارشى) ئالدامچىلىق ناچار ئەھۋالنى ياخشى ھالەتكە، شۇنداقلا ياخشى ۋەزىيەتنى

غەلىبىگە ئايلاندۇرالايدۇ. بىز مۇددىئا، ۋاقىت، ئورۇن، كۈچ ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردە تۈيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىيالايمىز.

ئومۇمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىستراتېگىيە بىزنى كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن يۈزلەندۈرىدىغان قوراللارغا ئىگە قىلىدۇ. تەھلىل قوراللىرى كەلگۈسىنى شەكىللەندۈرىدىغان زور كۈچلەرنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ. ئالدىمىزدىكى لېكسىيەلەردە كۆرىدىغىنىمىزدەك، SWOT ( strengths, weaknesses, opportunities, and threats ــ كۈچ، ئاجىزلىق، پۇرسەت ۋە تەھدىت) تەھلىلى بىر تۈرلۈك تەھلىل قىلىش قورالى بولۇپ، ئۇ ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئايىمىزنىڭ بايلىق ۋە ئىقتىدارىمىزغا ماس بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## پۈختا ئېنىقلىما

ئىستراتېگىيە ــ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى مەلۇم مەسىلىنى ھەل قىلىش قاتارلىق كۆزلەنگەن كېلەچەكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزۈپ چىقىدىغان مېتود ياكى پىلاندۇر. بۇ زۆرۈر بايلىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى باھالاش، ئۇلارغا ئېرىشىش ۋە تەقسىملەش پىلانىدۇر. بۇ رىقابەتچىلەرنىڭ ئىنكاسىنى ئالدىن مۆلچەرلەيدىغان ۋە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان پىلاندۇر.

20ـ ئەسىردىكى مەشھۇر باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى پېتېر دروكېر (Peter Drucker) مۇنداق دەپ قارىغان: تەپەككۇر جىسىملار ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە كىشىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تۇرغۇن تەپەككۇر جىسىملارنى چۆرىدىگەن ھالدا پىلانلاشقا ئالاقىدار بولۇپ، بەكلا ئاساندۇر. بۇ خىل تەپەككۇرغا چېتىشلىق ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئاز ھەم نىسبەتەن تۇراقلىقتۇر. ھالبۇكى، ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر بۇنىڭدىن بەكلا قىيىندۇر، چۈنكى ئۇ رىقابەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىنكاسىنى مۆلچەرلەش ھەمدە شۇنىڭغا ئاساسەن تەييارلىق قىلىشقا ئالاقىداردۇر.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر بىزنىڭ قالايمىقان ۋەزىيەتنى ئوچۇق رەۋىشتە كۆرۈپ يېتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئەتراپىمىزدىكى كۈچلەرنىڭ بىزگە ئۈزلۈكسىز زەربە بېرىشىگە يول قويماستىن، بۇ كۈچلەرنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ. بىز ئالدىن پىلانلاش ئارقىلىق، ياكى ئەڭ مۇھىم قارار چىقىرىدىغان چاغدا پىلانىمىزنى تەكشەش ئارقىلىق ئۆز ھاياتىمىزنى تەشكىللەشنى ئۆگىنىمىز.

نەتىجە ئېنىق بولمىغان ۋە قوشۇمچە ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەت قوللىنىش زۆرۈر بولغان پەيتلەردە ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارىتى ئەڭ ھالقىلىقتۇر. بۇ كۋارتېربېكنىڭ توپ ئوتتۇرا مەيداندىن ئۇنىڭغا ئېتىلىشتىن ئىلگىرىكى بىر نەچچە سېكۇنتتىكى ئەھۋالى، ئادۋوكاتنىڭ سوتنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى

ماھارەتلىك ئۇرۇنۇشلىرى، ئاكسىيە بېرژىسىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى ياكى بالىلىرىڭىزغا تەربىيە قىلىۋاتقان نادىر پەيتلەر بولۇشى مۇمكىن.

بۇ دەرسلىكتە، بىز ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ پايدىسىنى. تەرەققىي قىلدۇرىمىز، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمىمىز ئاشىدۇ، خىزمەتتىن ئېخمۇ مەمنۇن بولىمىز، خىزمەتنىڭ مۆلچەرلىنىشچانلىقى (predictability) ئاشىدۇ، بېسىمىمىز تۆۋەنلەيدۇ، ئۇنۇمىمىز ۋە غەلىبە قىلىش پۇرستىمىز ئاشىدۇ.

## تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر

دىكسىت (Dixit) ۋە نېيلباق (Nalebuff)، «ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىش: سودا، سىياسەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رىقابەت ئەۋزەللىكى» (Thinking Strategically: The Competitive Edge in Business, Politics, and Everyday Life).

خارۋارد سودا ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، «ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىش» (Thinking Strategically).

پورتېر (Porter): «ئىستراتېگىيە دېگەن نېمە؟» (What Is Strategy).

رايس (Rice)، «ئۈچ قەدەم ئالدىدا» (Three Moves Ahead).

سلون (Sloan)، «ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىش» (Learning to Think Strategically).

## ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. ئىستراتېگىيە زامانىۋى سودا سۆزلۈكلىرىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان — شۇنداقلا سۇيىئىستېمال قىلىنىدىغان — سۆزلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، قايىل قىلارلىق ئىستراتېگىيە تۈزۈش تولىمۇ قىيىن، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ خەۋپى يۇقىرى ۋە ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى خىرسلار تولىمۇ كۆپتۇر. شۇڭا، تەييار «ئۇنۇم قورالىرى»غا ئوخشاش ساختىپەزلىكلەر «ئىستراتېگىيە» سۈپىتىدە بازارغا سېلىنماقتا. سىز «ئىستراتېگىيە» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان قانداق پروگراما ۋە جەريانلارنى بىلىسىز؟ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىستراتېگىيەلەر بىلەن بولغان پەرقى نېمە؟

2. زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىنى ئۆگىنىش قورالى قىلىڭ. زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىنى كۆرگەندە، مەيداندىكى مۇئەييەن توپچىلارنى كۆزىتىڭ. ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق مۇسابىقىدىن بۇرۇنقى ھەرىكەتلىرىنى ۋە قەيەرلەرگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆزىتىڭ. ئۇلار رەقىبلىرىنى ئالداشقا ئۇرۇنىدىمۇ؟ كۇارتېربېككە قاراڭ ھەمدە ئۇنىڭ جۇغلىشىپ مەسلىھەتلىشىش (huddle) ۋە توپنى كۇارتېربېككە ئېتىشتىن كېيىن نېمە

قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىڭ. ئۇ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ نېمە ئويلاۋاتىدۇ؟ ئۇ كۆرگەنلىرىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ؟

3. ئىستراتېگىيە بىلەن تەيىيار «ئۇنۇم قورالىرى» ياكى ئۇنۇم جەريانىنىڭ (efficiency process) پەرقىنى چۈشىنىشكە كاپالەتلىك قىلىڭ. ئۇلارنىڭ زادى قانداق پەرقلىرى بار؟ سىزچە «ئۇنۇم قورالىرى» نېمە ئۈچۈن ئوخشۇشلۇق ھالدا ئىستراتېگىيە سىياقىغا كىرىۋالالىدى؟

## 2. قەدىمكى ئىستراتېگىيەلەرنىڭ مەنبەلىرى ۋە ئەھمىيىتى

پەيلاسوپلار ۋە گېنېراللار ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنى تەتقىق قىلىشىدۇ، ئەگەر بىز 21-ئەسىردىكى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرغا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولساق، ئۇلارنى ئۆلگە قىلىشىمىز ئاقىلانىلىكتۇر. ئارقا كۆرۈنۈش ئۇچۇرلىرىمىز قانچە مول بولسا، ئىستراتېگىيەلىك قوراللار شۇنچە پايدىلىق بولىدۇ. بۇ لېكسىيەدە، بىز تارىختىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ھەربىي قوماندان ۋە مۇتەپەككۇرلاردىن بولغان ئالتە كىشىدىن ئىستراتېگىيەلىك تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئۆگىنىمىز؛ بۇ جەرياندا بۇ ساۋاقلارنىڭ ئۆز ھاياتىڭىز ۋە خىزمىتىڭىزگە ئالاقىدار تەرەپلىرى ھەققىدە ئويلىنىڭ.

تۇسىدىدېس (Thucydides)

تۇسىدىدېس مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردە ياشىغان ئاقسۆڭەك بولۇپ، پېلوپونېس ئۇرۇشىدا، يەنى گرېتسىيەدىكى شەھەر دۆلەتلىرى بولمىش ئافىنا بىلەن سپارتا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ توقۇنۇشتا قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. تۇسىدىدېسنىڭ «پېلوپونېس ئۇرۇشىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 411-يىلىغىچە بولغان ئۇرۇش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ قەدىمكى رىسالە يېزىلىپ ئالاھەزەل 2500 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارا مۇناسىۋەت ساھەسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، «سىياسىي رېئالىزم» (political realism) دەپ ئاتالغان تەپەككۇر ئېقىمىنىڭ ئاساسى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر تەسۋىرى، دەپ قارالماقتا.

تۇسىدىدېسنىڭ ئەسەرلىرىدە «ئادالەت» قاتارلىق ئۇقۇملارغا بولغان گۇمان ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، مەشھۇر «مېلىيان دىيالوگى»دا (Melian dialogue)، ئافىنالىقلار ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچ جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى مېلوس ئارىلىنىڭ ئاھالىلىرىنى ھەمكارلىششقا قىستايدىغان بىردىنبىر كېسىمچى

(arbiter) سۈپىتىدە كۆرگەن. بۇ بۆلەكتە ئادىللىق، ئادالەت، سەۋەب، ھەتتا ئىلاھىي مۇداخىلە ئۇقۇمى دېگەنلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنغان.

«مېلىيان دىيالوگى» بىزگە زوراۋانلىق سىياسىيسى (power politics ــ ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى ئەمەس، بەلكى نوقۇل ھەربىي كۈچنى ئاساس قىلغان سىياسىي تۇتۇم، ت) ياكى نەپپەرەس سىياسىينىڭ (realpolitik ــ ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى ئەمەس، بەلكى ماددىي مەنپەئەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان سىياسىي تۇتۇم، ت) ئۆلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كەسپىي ھاياتىڭىزدا ھوقۇق ھەممىدىن مۇھىم دەپ قارىلىدىغان ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. غالىب كۈچ ياكى كەسكىن رىقابەت ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيە بولۇپلا قالماي، بىردىنبىر مەنتىقىلىق تاللاش ھېسابلىنىدىغان بازار ياكى رىقابەت رايونى بارمۇ؟ قانداق قىلغاندا تەشكىلاتىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، غايەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز؟

<u>پاگونداس (Pagondas)</u>

گەرچە ئافىنا گېنېراللىرى ئىستراتېگىيەچىلەر دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇلار پېلوپونېس ئۇرۇشىدا ئەمەلىي ئىستراتېگىيەلەرنى ئانچە كۆپ قوللانمىغان. بۇ ئۇرۇشتا قوللىنىلغان ئىستراتېگىيەنى كۆرۈش ئۈچۈن، بىز جەزمەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ غوللۇق گېنېراللىرى قاتناشمىغان، دەماللىققا كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر ئۇرۇشقا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 424-يىلىدىكى دېلىيۇم ئۇرۇشى دەماللىققا قەدىمكى قانلىق جەڭلەردىن بىرىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما دېلىيۇمدا، پاگونداس ئىسىملىك ئانچە تونۇلمىغان گرېتسىيە گېنېرالى تامامەن يېڭى ئۇرۇش ئۇسۇلىنى نامايان قىلغان.

جەڭ باشلانغاندا، ئافىنانىڭ تەخمىنەن يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇنى دېلىيۇم ئەتراپىدىكى جىلغىغا قاراپ ماڭغان، ئەمما ياردەمچى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار كەينىگە چېكىنگەن. پاگونداس ئافىنالىقلارنىڭ قېچىشىغا يول قويماستىن، تېبانلىقلارنى ئۇلارنى قوغلاشقا ۋە ئۇلارغا چېك يېپىشىشقا بۇيرۇغان. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئىلگىرىلەپ مۇداپىئەلىنىش (forward defense) ۋە ئالدىن قول سېلىش (preemption) پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ شۇئانلىق (immediate) ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەھدىت شەكىللەندۈرگەن دۈشمەنگە قىلىنغان ھۇجۇم ئىدى.

جەڭدىكى ھالقىلىق پەيتتە، پاگونداس زاپاس تېبان ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى پىيادە ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ ئافىنالىقلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ ئاڭلىق ھالدا تەييارلانغان زاپاس قوشۇننىڭ ھۇجۇمغا قاتناشقانلىقىنىڭ تۇنجى خاتىرىلەنگەن ئۆرنىكىدۇر. نەتىجىدە ئافىنالىقلار ساراسىمىگە چۈشۈپ، سېپى بۇزۇلغان ۋە ھەر تەرەپكە پىتراپ كەتكەن.

پاگونداس بۇ جەڭدە مەيدانغا كەلتۈرگەن يېڭىلىقلاردىن بىرى، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدا تۇرماستىن، جەڭنى يىراقتىن نازارەت قىلىپ، قوشۇننىڭ سەپ شەكلىنى (ۋەزىيەتكە كۆرە) ئۆزگەرتكەنلىكى ئىدى.

دېلىيوم ئۇرۇشى غەربتىكى تاكتىكىشۇناسلىقنىڭ ئاپىرىدىگاھى دەپ قارىلىدۇ ۋە بىزنى ئىككىنچى ئىستراتېگىيەلىك ساۋاققا ئىگە قىلىدۇ: كۆتۈلمىگەن يېڭىلىقلار ھەمىشە رەقىبلەرنىڭ كۈچى باراۋەر بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. تۇرمۇشىڭىزدا، مەلۇم بىر جەڭدە چوقۇم ئەنئەنىۋى تاكتىكىلارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، سىزنى رەقىبلىرىڭىزنى ئېھتىياتسىز تۇرغان پەيتىدە بابلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ھەر قانداق يېڭىلىق كاللىڭىزغا كەلدىمۇ؟

## سۇنزى (Sun Tzu)

ئىستراتېگىيەلىك نەزەرىيەدىكى ئەڭ مەشھۇر مىساللارنىڭ بىرى بولغان «سۇنزىنىڭ ئۇرۇش سەنئىتى» خىتايدا مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5ـ ئەسىردە داڭ چىقارغان خىتاي سانغۇنى سۇنزىگە مەنسۇپ. كېيىنكى ئەسىرلەردە باشقىلار تەرىپىدىن كېڭەيتىلگەن بولۇشى مۇمكىن بولغان بۇ ئەسەر دەسلەپتە ئاسىيادىكى، كېيىن غەربتىكى ھەربىي تەپەككۇرغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

سۇنزىنىڭ ئاقىللىقى ئۇنىڭ رېئاللىقنىڭ ئېقىشچانلىقىنى ۋە ھەر قانداق ئىستراتېگىيە ئىجرائاتچىسىنىڭ چوقۇم رېئاللىقتا ماسلىشىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدە ئىپادىلەنگەن. سۇنزىنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئۇرۇش مەيدانىدا، ئاممىۋى باشقۇرۇش ۋە پىلانلاشتا، شۇنداقلا دىپلوماتىيە ۋە خەلقئارا سوھبەتتە قوللىنىشقا بولىدۇ.

سۇنزىنىڭ بارلىق پىلانلارنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ يادرولۇق نۇقتىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ پىلان تۈزۈلگەن ھامان ۋاقتى ئۆتۈشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، رىقابەتتە كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش قارارى ئىككى ئاساسىي ئامىلغا باغلىق ئىدى: (1) فىزىكىلىق مۇھىتتىكى ئوبيېكتىپ شارائىت ۋە (2) رىقابەتچىلەرنىڭ شۇ مۇھىتتىكى سۇبيېكتىپ كۆز قارىشى.

بۇ جەھەتتە، سۇنزى ھازىرقى زاماندىكى سەرخىل ئىستراتېگىيەچى نەزەرىيەچىلەر (strategic theorists) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان مۇنداق كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى: ئەڭ ياخشى پىلان ھەرىكەت بىلەن ئىنكاسنىڭ دىنامىكىسىدا (dynamic ــ ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ مۇئەييەن ئەھۋالدىكى قىلمىش ياكى ئۆزئارا تەسىرلىشىش تەرزى، «ئوكسفورد يۇقىرى باسقۇچلۇق ئىنگلىز تىلى لۇغىتى»نىڭ 8ـ نەشرىدىن، ت) ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. سۇنزىگە كۆرە، ئىستراتېگىيە ئۆزگىرىشچان شارائىتتا ساغلام ھۆكۈم ۋە پرىنسىپنى ئاساس قىلغان ھالدا تېز ئىنكاس قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سىزنىڭ تاكتىكىلىرىنى ھاياتىڭىزغا قانداق تەدبىقلىيالايسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم بىر ئەھۋالدا ۋاقتى ئۆتكەن پىلانغا تايىنىپ قالغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ؛ ئاندىن سىزنىڭ ئوخشاش ئويلاڭ: پىلانىڭىزنىڭ قەيېرىدە خاتالىق كۆرۈلگەنلىكىنى، بۇ چۈشەنچىنىڭ سىزنىڭ لىنىيەنى توغرىلىۋېلىشىڭىزغا قانداق ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىڭ.

## ھاننىبال باركا (Hannibal Barca)

ھاننىبال مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىرگىچە رىم جۇمھۇرىيىتىنى قاتتىق پاراكەندە قىلغان كارسېيجلىق (Carthage ــ رىم بىلەن دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان شىمالىي ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىغا (ھازىرقى تۇنىسقا) جايلاشقان شەھەر، ت) گېنېرالدۇر. ئۇ ھەربىي كۈچنى تامامەن يېڭى شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەسكەر سانىنىڭ ئازلىقىغا قارىماستىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 216-يىلى كانىي ئۇرۇشىدا، دۈشمەن تۈپرىقىدا رىملىقلارغا قارشى زور غەلىبە قازانغان.

ھاننىبالنىڭ دەۋرىدە، ئۆلچەملىك تاكتىكىلارغا كۆرە، ئەسكەرلەر مەركىزى مۇرىگە تىرەپ سەپ تۈزۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى ۋە ئۆزئارا سوقۇلغاندىن كېيىن، جەڭنى باشلايتتى. شۇ ۋەجىدىن، سان جەھەتتىكى ئەۋزەللىك غەلىبىنىڭ ئاچقۇچى دەپ قارىلاتتى. ھالبۇكى، رىم قوشۇنىغا قارىغاندا سەپلىمىسى يېتەرسىز بولغان ھاننىبال ئۆز قوشۇنىنى ئوخشىمىغان تەرزدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.

كانىي ئۇرۇشىدا، رىملىقلار ھاننىبالنىڭ قوشۇنىنىڭ كەپتاۋۇللىرىنىڭ (كەپتاۋۇل ــ ھۇجۇمچى قوشۇن، «ياركەنت خانلىقى دەۋرىدىكى جەمئىيەت»، ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق) سەپ كەڭلىكىگە توغرا كەلگۈدەك دەرىجىدە تار، ئۇزۇن سەپ شەكلىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ سان جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى زور دەرىجىدە يوقاتقان.

رىم قوشۇنىنىڭ مەشىقلىرىدە ئەسكەرلەرنىڭ قاچقان دۈشمەنلەرنى قوغلىشى تەلەپ قىلىناتتى. شۇ ۋەجىدىن، ھاننىبالنىڭ كەپتاۋۇللىرى يالغاندىن چېكىنگەندە، رىملىقلار تاپ بېسىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆز سېپىنىڭ يان تەرىپىنى ھاننىبالنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئېچىپ بەرگەن.

رىملىقلار يەنە ئاتلىق قوشۇن تاكتىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ تەييارلىق قىلمىغان. ھاننىبالنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى رىم ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى رىملىقلارنى قوغلىمىغان. ئەكسىچە، ئۇلار سانى تولىمۇ كۆپ بولغان رىم پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقا قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ سېپىنى تېخىمۇ تارايتىۋەتكەن. نەتىجىدە رىملىقلار تامامەن قورشاۋدا قېلىپ، ھالاك بولۇشى مۇقەررەرلەشكەن.

ھانىبال بۇ زور غەلىبىنى تېخىمۇ كۆپ ئەسكەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۈستۈن ئىستراتېگىيە ۋە پەۋقۇلئاددە تاكتىكىلىق ئىجرائات ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ بىزگە قالدۇرغان ساۋاق شۇكى: ئۈستۈنلۈككە ئىگە رىقابەتچىلەرگە يۈزلەنگەندە، ئۇلارنىڭ ئادىتى ۋە كەمچىلىكى توغرىسىدىكى بىلىمىڭىزگە تايىنىپ، ئۇلارنى پاراستىڭىز ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىڭ. رىقابەتچىلىرىڭىز خاتا ھالدا كۆرەڭلەپ كەتكەندە، قانداق قىلىپ ئومۇملاشقان تەپەككۇرنى چۆرۈپ تاشلاپ غەلىبە قىلالايسىز؟

## ۋېگېتىيۇس (Vegetius)

ۋېگېتىيۇس مىلادىيە 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، يەنى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ چېكىنىش دەۋرىدە ياشىغان رىملىق مەمۇري ئەمەلداردۇر. ۋېگېتىيۇس ئىمپېراتور ۋالېنتىنىيانىڭ (Valentinian) تەلىپىگە بىنائەن «ھەربىي ئىشلاردىن خۇلاسە» (Epitoma rei militaris) ناملىق رىسالىنى تەييارلىغان بولۇپ، مەزكۇر رىسالە نەشر قىلىنغاندىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن ھەربىي قوللانما بولغان.

بۇ تولپلام ئەسكەر تاللاش ۋە ئۇلارنى مەشىقلەندۈرۈش دېگەندەك قارىماققا تولىمۇ ئاددىي كۆرۈنىدىغان بىر قاتار مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيە بىلەن بولغان باغلىنىشى شۇكى، ئىستراتېگىيە مۇددىئا، ئىقتىدار ۋە بايلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. ۋېگېتىيۇسنىڭ ئەسىرىدە ئارمىيەنىڭ قانداق قىلىپ ئىستراتېگىيەلىك نىشانغا يېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرالايدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىلگەن.

ۋېگېتىيۇس ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە باشتىن-ئاخىر ئەتراپلىق مەشىق، قاتتىق ئىنتىزام، جاپالىق ئىشلەش ۋە ئاقىلانە پىلانىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. بۇ تەييارلىق ئامىللىرى ئىستراتېگىيەلىك ئىقتىدارىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى ئىستراتېگىيەلىك غەملىمىگە (strategic reserves) بولغان ئېھتىياجنى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى تەكىتلەشتۇر. بۇ ھەقتىكى چېنىقىش سۈپىتىدە، سىز شىركىتىڭىزنىڭ غەملىمىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك دەپ قارايدىغان تەرەپلەرنى يېزىپ چىقىڭ. قايسى ساھەدە بارلىق بايلىقلىرىڭىزنى ئىشلىتىۋەتمەستىن، رىقابەتچىلىرىڭىزدە ئاساسسىز ئىشەنچ (ھەتتا كۆرەڭلىك) پەيدا قىلالايسىز؟ قانداق قىلىپ بۇ بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ رىقابەتچىلىرىڭىزگە تۇيۇقسىز ۋە زور تەسىرگە ئىگە ھۇجۇم قىلالايسىز؟

## ماكياۋېللى (Machiavelli)

تارىختىكى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەزەرىيەچىلەردىن بىرى بولغان نىكولو ماكياۋېللى ئۆزىنىڭ «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» (The Prince ــ بۇ كىتاب «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» دېگەن ئىسىمدە، ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ت) دېگەن داڭلىق ئەسىرىدە، ھۆكۈمدارنىڭ ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەمكىن ۋە ئاقىلانە رەۋىشتە ھەرىكەت قوللىنىشىنى، يەنى «ئۆز مەنپەئەتىنى رەھىمسىزلەرچە (زىنھار ۋاستە تاللىماي) قوغلىشىشى»نى تەشەببۇس قىلغان. ماكياۋېللى ئۆزىنىڭ ئانچە تونۇلمىغان «ئۇرۇش سەنئىتى» (Art of War) دېگەن ئەسىرىدە، بۇ خىل ئەخلاقسىز نۇقتىئىنەزىرىنى جەڭ مەيدانىغىمۇ كېڭەيتكەن.

ماكياۋېللى بىزنى ماھىرلىق (virtu ــ بۇ بۇگۈنكى ئىنگلىز تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان «پەزىلەت» مەنىسىدىكى «virtue» بىلەن تەڭداش مەنىدىكى سۆز بولماستىن، سىياسىي مەككارلىق، جانلىقلىق، جۇشقۇنلۇق، ئالدىن كۆرەرلىك دېگەندەك بىر قاتار خۇسۇسىيەتلەرنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ، بۇ يەردە «ماھىرلىق» دەپ ئېلىش توغرا تېپىلدى، ت) ۋە تەقدىردىن (fortuna) ئىبارەت ئىككى مۇھىم ئۇقۇم بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئىككى ئۇقۇم ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ماكياۋېللىغا كۆرە، «ماھىرلىق» ئۇقۇمى جانلىقلىق، ئالدىن كۆرەرلىك، خاسلىق، ئىقتىدار، ئېنېرگىيە، سىياسىي سەزگۈرلۈك، ئالاھىدە قابىلىيەت ۋە ھاياتىي كۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىر ئادەم يېتىلدۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزەلەيدىغان ماھارەتلەردۇر.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنئەنىۋى مۇتەپەككۇرلار «تەقدىر»نى مېھرىبان ئايال ئىلاھ دەپ سۈپەتلەشكەن (مەسىلەن، رىم ئەپسانىلىرىدىكى باتىل «تەقدىر ئىلاھى»نىڭ ئىسمى «Fortuna»دۇر، ت). ماكياۋېللى بولسا بۇنىڭغا زىت ھالدا، تەقدىرنى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئاپەتنىڭ رەزىل ۋە مۇرەسسەسىز مەنبەسى، دەپ قارىغان. شۇڭلاشقا، ئۇ قوماندانلارغا تەقدىرنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى تازا قاتتىق ئەدەپلەشنى تەۋسىيە قىلغان. بۈگۈن بىز ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى «قىلمىش بىر تەرەپلىمىلىكى» دەپ ئاتايمىز.

ماكياۋېللىغا كۆرە، «ماھىرلىق» ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋە زۆرۈر تېپىلغان ھەر قانداق ئۇسۇلدا «تەقدىر»گە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماھارەت ئىگىسى بىلەن مۇھىتىنىڭ بۇ بىرىكىشى «جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» (emergent strategy) ئۇقۇمىنىڭ دەسلەپكى شەرھى ئىدى. «تەقدىر»نىڭ بىزگە نېمىلەرنى بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلالمايدىغانلىقىمىزنى نەزەردە تۇتقاندا، بىز چوقۇم بۇ ئېنىقسىزلىقلارغا ئەڭ ياخشى ئىنكاس قايتۇرالايدىغان ئىچكى سۈپەت ۋە ئىقتىدارلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

بۇ لېكسىيەدىكى ئاخىرقى خىرىس سۈپىتىدە، ئۆزىڭىزگە «مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان تەقدىرنى يېڭىش ئۈچۈن يېتەرلىك جانلىقلىق، ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئېنېرگىيەم بارمۇ، يوق؟» دەپ سوئال قويۇڭ.

ئۆتمۈشتە سىزنى قاتتىق زەربىگە ئۇچراتقان كۆتۈلمىگەن ئەھۋال ھەققىدە ئويلىنىڭ. شۇ كەچمىشىڭىزدىن ساۋاق ئالدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئالمىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭدىن قانداق ساۋاق ئالالايسىز؟

## ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرى

قەدىمكى ئىستراتېگىيەچىلەر بىزنى مۇشۇ دەۋردە قوللانغىلى بولىدىغان تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە ئەمەلىي كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1. ھەر قانداق ساھەنى ــ ئۇنىڭ قايسى دەرىجىدە تەپەككۇردىن خالىي تىرىشچانلىقلارنىڭ (thoughtless effort) ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــ تاكتىكا قوللىنىش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئالاھىدە پەيتلەردە، ئالاھىدە ئۇسۇلدا ئالاھىدە كۈچ ئىشلىتىشكە تىرىشىڭ.

2. پىلانىنىڭ چوقۇم ئۆزگىرىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىڭ: رېئاللىقنىڭ (تۇرغۇن ئەمەس) ئېقىشچانلىقىنى ھەمدە ھەرقانداق ئىستراتېگىيەنىڭ چوقۇم بۇ رېئاللىققا ماسلىششى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىڭ. ئەڭ ياخشى پىلانلار ھەرىكەت بىلەن ئىنكاسنىڭ دىنامىكىسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

3. تەييارلىق ئىستراتېگىيەلىك ئىقتىدارنىڭ يادروسىدۇر. مەيلى سىز ئائىلىنى باشقۇرۇۋاتقان ياكى مىليارد دوللارلىق تىجارەتنى يۈرۈشتۈرۈۋاتقان بولۇڭ، مەشىق، ئىنتىزام، جاپالىق ئىشلەش ۋە ئاقىلانە پىلانلاش ئىستراتېگىيەلىك غەلىبىنىڭ ئاساسىدۇركى، بۇ غەلىبە نۇرغۇن مەشغۇلات ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. ئىستراتېگىيەلىك غەلىبىڭىز بولمىسا، ئىستراتېگىيەڭىزمۇ بولمايدۇ.

4. رەقىبىڭىزنى تونۇڭ. ئەگەر رەقىبىڭىزنىڭ تەييارلىقلىرىنى ۋە قابىلىيىتىنى بىلسىڭىز، ھەيران قالارلىق ئەۋزەللىككە ئېرىشەلەيسىز. تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن قالتىس تاكتىكىلىق ئىجرائاتنىڭ بىرىكىشى سىزنى ئۆزىڭىزدىن ئىككى ھەسسە كۈچلۈك رەقىبنى مەغلۇپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

5. دادىل بولۇڭ ۋە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇڭ: ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇردىكى ئەڭ چوڭ خىرىس «ھەرىكەتكە ئۆتۈش»تۇر.

## تونۇۋېلىشقا تېگىشلىك شەخسلەر

ھاننىبال (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 247 ـ يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 183~181 ـ يىلغىچە): مەشھۇر گېنېرالنىڭ ئوغلى، شۇنداقلا كىچىككىدىن تارتىپلا رىمغا مەڭگۈ دۈشمەن بولۇشقا قەسەمياد قىلغان ھاننىبال باركانىڭ ئىسمى تارىختىكى ئەڭ چوڭ غەلىبىلەردىن بىرى بىلەن، يەنى ئۇنىڭ كانىيىدا رىملىقلارنى مەغلۇب قىلغانلىقى بىلەن ياد ئېتىلمەكتە.

نىكولو ماكىياۋېللى (1469 ـ 1527): ئادىمىيەت تەربىيەسى ئالغان ماكىياۋېللى ھەممىدىن بەك ئۆزىنىڭ سىياسىي ھوقۇق ھەققىدىكى ئەسىرى بىلەن تونۇلغان. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «ئۇرۇش سەنئىتى» ناملىق رىسالىسىدە توقۇنۇش توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى»دە ياشىغان ماكىياۋېللى، بۇ دەۋرنىڭ يارقىن شەخسلىرىدىن بولغان لېئوناردو دا ۋىنچى (Leonardo da Vinci) ۋە مىكېلانجېلو (Michelangelo) بىلەن ھەربىي تۈرلەردە ھەمكارلاشقان.

پاگونداس (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىر): ئانچە تونۇلمىغان تىبانلىق بۇ گېنېرال جەڭگاھ تاكتىكىسى (battlefield tactics) ئىلمىنى كەشىپ قىلىپ، پېلوپونېس ئۇرۇشى جەريانىدىكى دېلىيوم ئۇرۇشىدىكى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 424 ـ يىلى يۈز بەرگەن) يېڭىلىقلىرى ئارقىلىق ئەينى دەۋردە ئۇرۇشقا نىسبەتەن رادىكال تۈتۈمنى نامايەن قىلغان.

سۇنزى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىر): پۈتكۈل جاھان ئەھلىگە دېگۈدەك تونۇشلۇق بولغان ئاز ساندىكى ئىستراتېگىيەچىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۇنزىنىڭ ئىستراتېگىيەگە ھەممە بىزنىڭ ئىستراتېگىيە ھەققىدىكى ـ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزغا ـ كۆرسەتكەن تەسىرىنى ـ بۈگۈنكى ھەربىي ساھەدىلا ئەمەس، بەلكى سودا ۋە سىياسىي ساھەدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئادەتتە سۇنزىغا نىسبەت بېرىلىدىغان «ئۇرۇش سەنئىتى»دىكى ئۇرۇش تەسۋىرى بۇ ئەسەرنىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 475 ـ 221 ـ يىللىرى) يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سۇنزىنىڭ پرىنسىپلىرىدىن پايدىلانغان داڭلىق گېنېراللار ئارىسىدا خىتاي كوممۇنىست ماۋ زېدوڭ، ۋېيتناملىق گېنېرال ۋا نويالىڭ زاپ (Vo Nguyen Giap) ۋە بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئامېرىكا گېنېراللىرىدىن نورمان شۋارزكوف (Norman Schwarzkopf) ۋە كولىن پوۋېل (Colin Powell) قاتارلىقلار بار.

تۇسىدىدېس (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 460 ـ يىللار ياكى تېخىمۇ بۇرۇندىن ـ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 404 ـ يىلىغىچە): بۇ قەدىمكى گرېتسىيە تارىخچىسى زامانىۋى سىياسىي ئىلىم بولمىش «رېئالىزم» ئېقىمىنىڭ بەرپاچىسى بولۇپ، مەزكۇر ئېقىمدا خەلقئارا سىستېما دۆلەت كۈچلىرىنىڭ تەڭشىلىشىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئافىنا ئارمىيەسىدە ئىستراتېگىيەچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇ ھەم پېلوپونېس ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ھەم بۇ توغرىسىدا ئەسەر يازغان.

ۋېگېتىيۇس (مىلادى 4 ـ ئەسىر): ۋېگېتىيۇس يېتەرلىك ھەربىي مەشىق ۋە تەييارلىق تەرغىباتىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى چوقۇم ئۇستۇن ھەربىي ئىقتىدارلارنى تولۇق ھازىرلاشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ ئىمپېراتور ۋالېنتىنىيانىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، «ھەربىي ئىشلاردىن خۇلاسە» (Epitoma rei militaris) دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، رىمنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، «قەدىمكى رىملىقلار»نىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى قانداق تەشكىللىگەنلىكى ۋە قانداق ئىشلەتكەنلىكىنى پەرەز قىلغان.

تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر

خانسون (Hanson)، «ئۇرۇش دولقۇنلىرى» (Ripples of Battle).

جېي (Jay)، «باشقۇرۇش ۋە ماكياۋېللى» (Management and Machiavelli).

كولىيوپوۋلوس (Koliopoulos) بىلەن پلاتىياس (Platias)، «تۇسىدىدېسنىڭ ئىستراتېگىيە چۈشەنچىسى» (Thucydides on Strategy).

ماكياۋېللى، «ئۇرۇش سەنئىتى» (The Art of War).

تۇسىدىدېس، «پېلوپونېس ئۇرۇشى» (The Peloponnesian War).

ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. شەخسىي ۋە كەسپىي هاياتتا، قانداق ۋاقىتتا كۈچ ھەممىدىن مۇھىم بولىدۇ؟ ئۆز ئەھۋالىڭىز ھەققىدە ئويلىغاندىن كېيىن، ئاففانلىقلارغا ياكى مېلوسلۇقلارغا قانداق مەسلىھەت بەرگەن بولار ئىدىڭىز؟

2. سىز ياكى خىزمەتداشلىرىڭىز ئەنئەنىۋى تاكتىكىلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقالمىغان بىر ئەھۋالنى ئويلاپ چىقىڭ. گېنېرال پاگونداسنىڭ ئاففانلىقلاردىن قانداق غالىب كەلگەنلىكىنى ئويلاڭ، ھەمدە رەقىبىڭىزنى تەمتىرىتىپ قويىدىغان پۈتۈنلەي يېڭىچە قىلمىش ئۇسۇلىنى تېپىشقا تىرىشىڭ.

3. سۈنزىنىڭ «ئۇرۇش سەنئىتى»گە سىڭدۈرۈلگەن ھەرىكەت-ئىنكاس دىنامىكىسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن رېئال ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ پۇختا ئويلىشىلغان ئۇسۇلدىن كەم دېگەندە بىرنى نوقۇل ھالدا بېكىتىلگەن تىزىملىك ياكى تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇڭ.

4. ئۆز مۇھىتىڭىزدىكى رىقابەتچىلەرنى ياكى يوشۇرۇن رىقابەتچىلەرنى تەكشۈرۈڭ. ئۇلارنىڭ سىز بىلىدىغان غەلىتە خۇيلىرى ياكى ئاجىزلىقلىرى بارمۇ؟ سىز قانداق قىلغاندا ھاننىبالغا ئوخشاش ئۇسۇل قوللىنىپ، رەقىبلىرىڭىز خاتا ھالدا ئەڭ زور ئىشەنچكە تولغاندا، (ئۇلار توغرىسىدىكى) بۇ خىل مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالايسىز؟

5. ئۆزىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز ياكى سىز كۆڭۈل بۆلىدىغان باشقا تەشكىلاتلارنىڭ غەملىمىسى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان تەرەپلىرىنى يېزىپ چىقىڭ. سىز بۇ مەنبەلەرنى بىر مەزگىل ئىشلەتمەي قويۇپ قويالايدىغان ئورۇنلار قايسى؟ سىز قانداق قىلغاندا بۇ بايلىقلار ئارقىلىق رىقابەتچىلىرىڭىزگە تۇيۇقسىز ۋە زور تەسىرگە ئىگە ھۇجۇم قىلالايسىز؟

6. ياخشى ۋە ناچار «تەقدىر»گە تۇتقان پوزىتسىيەڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ. ئۆتمۈشتە سىزنى قاتتىق زەربىگە ئۇچراتقان كۈتۈلمىگەن ئەھۋال ھەققىدە ئويلىنىڭ. بۇنىڭدىن نېمىلەرنى ئۆگەندىڭىز؟ كەلگۈسىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن، قانداق شەخسىي ئالاھىدىلىكلەرنى تەرەققىي قىلدۇرالايسىز؟

## 3. زامانىۋى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ مەيدانغا كېلىشى

دەسلەپكى مەزگىلدىكى زامانىۋى ھەربىي ئىستراتېگىيەنى تەتقىق قىلىش بىزگە ئىستراتېگىيەنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى، ئۇنىڭ مۇھىت بىلەن قانداق ماسلاشقانلىقى ۋە بىزنىڭ نىشانىمىزغا يېتىشىمىزگە قانداق ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر ساۋاقلارنى بايقىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ناپالېئون ئۆزى بۈيۈك رەھبەرگە ئايلىنىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يولى سۈپىتىدە، مەشھۇر ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. شۇڭلاشقا، بۇ لېكسىيەدە بىز ناپالېئون، كلاۋسېۋىتز، جومىنى ۋە جۇغراپىيەۋى سىياسەتشۇناسلارنىڭ («Geopolitics») ــ «جۇغراپىيەۋى سىياسەت» جۇغراپىيەلىك ئامىللارنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە (power relationships) كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەھلىل قىلىدىغان پەندۇر. «geopolitics» ئۇقۇمى تۇنجى قېتىم 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا شۋېتسىيەلىك سىياسەت تەتقىقاتچىسى رۇدولف كژېلېن (Rudolf Kjellén) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى (1918-1939) ئارىلىقىدا ياۋروپادا ئومۇملاشقان بولۇپ، كېيىنچە دۇنيا مىقياسىدا ئىشلىتىلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، جۇغراپىيەۋى سىياسەت «خەلقئارا سىياسەت»نىڭ نىسبەتەن يېقىن مەنىداش سۆزى سۈپىتىدە كەڭ دائىرىدە قوللىنىلماقتا، «بۈيۈك بىرتانىيە قامۇسى»، ت) تۆھپىسى ئۈستىدە ئىزدىنىمىز.

<u>ئاقارتىش ھەرىكىتى (The Enlightenment) ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر</u>

17-ئەسىردە باشلانغان ئاقارتىش ھەرىكىتى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىلىم-پەن، سىياسەت، مېدىتسىنا، مائارىپ ۋە ئۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە بىلىمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل-پاراسەتنىڭ كۈچىنى قوزغاتتى. ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىدراكىيلىقنى تەكىتلىشى ۋە ئىجتىمائىي تۈرمۈشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشى مۇقەررەر ھالدا ئۇرۇش ھەققىدە يېڭىچە تەپەككۇرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە گېنېرالى ماۋرىس دې سەكس (Maurice de Saxe) ۋە بۈيۈك فرېدېرىك (Frederick the Great ــ 1740~1786 ـ يىللىرى ئارىسىدا تەختتە ئولتۇرغان پرۇسسىيە پادىشاھى، ت) يازغان ئەسەرلەردە ناپالېئونغا ئاساس سالغان جەڭ پرىنسىپلىرى بايان قىلىنىشقا باشلىدى. سەكس ۋېگېتىيۇس يەتكۈزگەن رىم چۈشەنچىلىرىنى جانلاندۇردى ۋە كېڭەيتتى. فرېدېرىكنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ئۇنىڭ زور ساندىكى ئەسكەرلەرنى ئۈنۈملۈك مەشقلەندۈرۈش ئىقتىدارىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ناپالېئوننىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ زامانىۋى دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بۇ چاغدا ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك ئىنقىلابنىڭ يېڭى تەپەككۇر، يېڭى تېخنىكا ۋە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق بارلىق ئېلېمېنتلىرى ھازىرلانغانىدى.

## ناپالېئون

ناپالېئوننى تەتقىق قىلىش بىزگە ئىستراتېگىيەنىڭ قەدىمكى شەكىللەردىن قانداق تەرەققىي قىلغانلىقى، ئۇنىڭ ھەرۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەتكە قانداق ماسلاشقانلىقى ۋە قوغلاشقان نىشانىمىزغا يېتىش ئۈچۈن بىزنى قانداق رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر ساۋاقلارغا ئېرىشتۈرىدۇ. ناپالېئون ئىلگىرىكى گېنېراللارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلغان.

«ناپالېئون دەۋرى» (The Napoleonic era) تەخمىنەن 1790 ـ يىلىدىن 1815 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان. ناپالېئون 1804 ـ يىلى ئۆزىنى ئىمپېراتور دەپ جاكارلىغان ھەمدە بىر مەھەل ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ خوجىسىغا ئايلىنىپ، ياۋروپادىكى بىر قاتار ئىتتىپاقداش ئەللەرگە قارىتا ھەربىي غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ناپالېئون ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنىڭ تىپىك ئۆرنىكىدۇر، چۈنكى ئۇ ئىدىيەنىڭ ماددى بايلىققا بولغان ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلغان.

ناپالېئوننىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قاتارلىق تېمىلاردىكى چوڭقۇر كۆز قاراشلىرى «ناپالېئوننىڭ ھەربىي ساھەدىكى ھېكمەتلىك سۆزلىرى» (The Military Maxims of Napoleon) ناملىق كىتابقا يىغىنچاقلانغان. بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ھېلىھەم ئەمەلىي كۆرسەتمە سۈپىتىدە، بىر كاتتا ئىستراتېگىيەچىنىڭ تاكتىكىلىق مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى ۋە شۇ مەسىلىلەرنىڭ چارىلىرىنى قانداق بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ناپالېئون بەزى كىشىلەرنىڭ ئىستراتېگىيەنى تېخنىكا تىزىملىكىدىن ئىبارەت دەپ قارايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ يەردىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغان قاراش «بۇ تېخنىكىلارنى ئۆگەنسىڭىزلا، سىزمۇ ئۇلۇغ گېنېرال بولالايسىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ، يەنى ئىستراتېگىيەنى مۇقىم فورمۇلا دەپ قاراش بەلكىم بۈگۈنكى ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەتەر

بولۇشى مۇمكىن. ناپالېئون بۇ ھەقتە: «جەڭگاھتا بىر يۈرۈش (ئۆزگەرمەس) سىستېمىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان گېنېرال بەختسىزدۇر» دېگەن.

ئۇ يەنە «ئەڭ ياخشى ئىستراتېگىيە ئۆزىنىڭ ئىجرائاتى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشى مۇمكىن» دېگەن زىددىيەتنى چۈشىنىپ يەتكەن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئۇرۇشتا نەزەرىيە ئومۇمىي پرىنسىپ جەھەتتىن توغرىدۇر. ئەمما ئومۇمىي پرىنسىپنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش جەريانى ھەمىشە خەۋپكە تولغان.» مۇھىمى جانلىقلىقنى ساقلاپ، رەقىبىنىڭ ھەرىكىتىگە ئىنكاس قايتۇرۇش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتۇر.

مەركىزىي مەيدان (Central Position) ۋە ۋاستىلىك لىنىيە (Indirect approach) ئىستراتېگىيەلىرى

ناپالېئون 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى پائالىيەتلىرىدە ھەمىشە مەركىزىي مەيدان ۋە ۋاستىلىك لىنىيە ئىستراتېگىيەلىرىنى قوللانغان. ئۇنىڭ قايسى ئىستراتېگىيەنى تاللىشى يەر شەكلى، ھاۋارايى، ئەسكەر سانى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارغا بولغان باھاسى قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق بولغان.

ناپالېئوننىڭ قوشۇنى سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغاندا، ئۇ مەركىزىي مەيدان ئىستراتېگىيەسىنى قوللىنىپ، قوشۇننى ئۆزى دۇچ كەلگەن ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ تۇتاشقان نۇقتىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يوچۇق ئېچىشقا تىرىشاتتى. ئاندىن ئۇ ئاشۇ ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كىرىشىپ، يەنە بىر قوشۇننى مەشغۇل قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر بۆلۈك ئەسكەرنى قالدۇرۇپ قوياتتى.

بۇ تاكتىكا ناپالېئوننىڭ زامان-ماكان جەھەتتە زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا بولغان ئاشقۇن ساداقىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇ يەردىكى ئىدىيە شۇكى، سىز ھۇجۇم قىلغاندا، گەرچە ئەسكىرىڭىز سان جەھەتتە رەقىبىڭىزنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ، ئاساسىي كۈچىڭىزنى ھۇجۇم نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك.

ناپالېئوننىڭ كۈچى رەقىبىنىڭكىگە تەڭ بولسا، شۇنداقلا يۆتكىلىشكە ئىمكانىيەت بولغاندا، ئۇ ۋاستىلىك لىنىيە ئىستراتېگىيەسىنى قوللانغان. بۇ ئاز ساندىكى بىر بۆلۈك قوشۇننى دۈشمەنگە روبرو ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغايدىغاندەك ساختا ھالەت شەكىللەندۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ غوللۇق قوشۇنى دۈشمەننىڭ يان تەرىپى ياكى ئارقا تەرىپىگە يۈرۈش قىلاتتى-دە، ناپالېئوننىڭ قوشۇنلىرى دۈشمەننىڭ ئالاقە ۋە تەمىنلەش لىنىيەسىدىن ئورۇن ئېلىپ، دۈشمەننى پايدىسىز شارائىتتا ئۇرۇش قىلىشقا ياكى چېكىنىشكە مەجبۇرلايتتى.

## ئانتونى جومىنى (Antoine Jomini)

ناپالېئوننىڭ 19 ـ ئەسىردىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىككى ھەربىي نەزەرىيەچى، يەنى ئانتونى جومىنى ۋە كارل ۋون كلاۋسېۋىتىز بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. بۇ ئىككىيلەن ناپالېئونچە ئۇرۇش (Napoleonic War) ھەققىدە كۈچلۈك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، تا بۈگۈنگە قەدەر ئىستراتېگىيەلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

جومىنى شىۋېتسارىيە پۇقراسى، شۇنداقلا ناپالېئوننىڭ چوڭ قوشۇنىنىڭ (Grand Armée) ئوفىتسېرى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى يازمىلىرى ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ «ئۇرۇش سەنئىتى» (Art of War) دېگەن ئەسىرى ئىستراتېگىيە، تاكتىكا ۋە ئەشيا ئوبوروتىنى ئۈچ پەرقلىق ساھە دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن تۇنجى ئەسەر دەپ قارىلىدۇ. بۇ ساھەلەردە، ئىستراتېگىيەنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۇنىڭ ئاساسلىق دىققەت نۇقتىسى بولغان.

جومىنىغا كۆرە، ئىستراتېگىيەنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى مەركەزلىشىش (concentration)، بولۇپمۇ جەڭ مەيدانىدىكى ھەل قىلغۇچ نۇقتىلاردا كۈچلەرنىڭ مەركەزلىشىشىدۇر. بۇ مەركەزلىشىش ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق تۆت ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان:

بىرىنچى ئېلېمېنت ھەربىي كۈچنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇرۇش رايونى ۋە دۈشمەن ئالاقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ رايونلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئالاقىسىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زامانىۋى سودىدا، بۇ بايلىقلارنى رىقابەت بازىرىنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكىگە مەركەزلەشتۈرگەنگە باراۋەر بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى ئېلېمېنت ھەربىي كۈچلەرنى ئىستراتېگىيەلىك يۆتكەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش (maneuvering) بولۇپ، ئاساسىي كۈچنى دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ بىر قىسمىغىلا مەركەزلەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى ئېلېمېنت تاكتىكىلىق يۆتكىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرما ئارقىلىق، ئاساسىي كۈچنى رەقىبنى يېڭىش ئۈچۈن مۇھىم بولغان، جەڭ مەيدانىدىكى ھەل قىلغۇچ رايونلارغا ئاپىرىشتۇر.

ئاخىرىدا، تۆتىنچى ئېلېمېنت بۇ ھەل قىلغۇچ ئورۇندىكى كۈچلەرنىڭ تېز ھەرىكەتلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بايلىقلارنى مۇھىم ماكان ۋە زامانغا مەركەزلەشتۈرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. تەشكىلىي كونتروللۇقىڭىز چوقۇم بۇ مەنبەلەرنى نىشانىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

جومىنى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدىن باشقا، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلارغا گېئومېترىيەلىك ئېنىقلىق ئاتا قىلىپ، 12 خىل گېئومېترىيەلىك سەپ شەكلىنى ياكى دۈشمەنگە قارشى ئىشلىتىشكە بولىدىغان كونكرېت گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

## كارل ۋون كلاۋسېۋىتز (Carl von Clausewitz)

پرۇسسىيەلىك ئوفىتسېر كلاۋسېۋىتزنىڭ «ئۇرۇش ھەققىدە» (On War) ناملىق ئەسىرى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر ھېلىھەم ئىستراتېگىيە توغرىسىدىكى تەسىردار رىسالە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇرۇشنى تېخىمۇ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە تەھلىل قىلىپ، ھەربىي ۋە سىياسىي ساھە ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

كلاۋسېۋىتز «توقۇنۇش – زوراۋانلىق، پۇرسەت ۋە سىياسىي نىشاندىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۆزگىرىشچان ئامىلنىڭ فۇنكسىيەسىدۇر. بۇ ئۈچىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستراتېگىيەچىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر» دەپ قارىغان.

بۇ ئۈچ خىل ئۆزگىرىشچان ئامىل ئىچىدە، ئىستراتېگىيەلىك مۇتەپەككۇرلارغا ئەڭ بەك ئالاقىدار بولغىنى پۇرسەت ئېلېمېنتى، يەنى ھەربىي قوماندانىنىڭ جاسارىتى، تالانتى ۋە ماھارىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قولىدىكى ئىمكانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىردۇر. كلاۋسېۋىتز جەڭ ئەۋجىگە چىققان شارائىتتا، بىر قوماندانىنىڭ «بىر قاراشتىلا ھەربىي ۋەزىيەت ۋە يەر شەكلىنىڭ ئەۋزەللىك-يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ يېتىش ئىقتىدارى»نى (coup d'oeil) غەلىبىنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قارايدۇ.

بۈگۈنكى ھەربىي ئورگانلار بىۋاسىتە سېزىمنىڭ جەڭدىكى مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئەڭ يېڭى تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، بىۋاسىتە سېزىمگە ئاساسەن قارار چىقىرىشنى ئۆگەتكىلى بولىدىكەن.

## جومىنى ۋە كلاۋسېۋىتزنىڭ تەسىرى

جومىنىنىڭ تەسىرى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كۆرۈنەرلىك بولغان، كلاۋسېۋىتز بولسا 20-ئەسىردە تېخىمۇ زور تەسىرگە ئېرىشكەن.

ئامېرىكانىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدا، جومىنىنىڭ تەسىرى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كەڭ كۆلەملىك پىيادە ئەسكەر ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىغا سەۋەب بولغان بولۇپ، نەتىجىدە نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئەمما، بۇ جومىنىنىڭ خاتالىقى بولماستىن، ئىستراتېگىيەنى مۇقىم فورمۇلا دەپ قارىۋالغان قوماندانلارنىڭ خاتالىقىدۇر.

ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى يەنە ئۆزگىرىشچان ۋە قالايمىقان ئەھۋاللارغا ماسلىشىش جەھەتتىكى ئىجادىيلىق ۋە ئىقتىداردا ئۆز زامانىسىدىكىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىجرائاتچىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇلار يىراق مۇساپىلىق مىلتىق ۋە مىنىيې ئوقى (Minié ball) بىلەن قوراللانغان، پۇختا ئىستىھكام تۈزگەن دۈشمەنگە قارىتا زور كۆلەملىك پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

(ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىدىكى) جەنۇب تەرەپنىڭ گېنېرالى ستونۋول جەكسون (Stonewall Jackson) جانلىقلىق ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى ئۇرۇشنىڭ يادرولۇق تەركىبى ھېسابلىنىدىغان كۈچلۈك قورال دەپ قارىدى. ئۇنىڭ 1862 ـ يىلىدىكى شېنولدوھ ئۇرۇشى (Shenandoah campaign) يالغان ھۇجۇم، نەيرەڭۋازلىق ۋە ھەرىكەت سۈرئىتىنىڭ «كۈچ ھەسسىلىگۈچ» ئىكەنلىكىنى ئۇستىلىق بىلەن نامايەن قىلغان.

جەنۇب تەرەپنىڭ يەنە بىر نەپەر گېنېرالى ناسان بېدفورد فورېست (Nathan Bedford Forrest) ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نەزەرىيەسىنى «ئەڭ كۆپ ئەسكەر بىلەن، ئەڭ تېز سۈرئەتتە يېتىپ بېرىش» شوئارىغا يىغىنچاقلىغان. بۇ قىسقا جۈملە تۇيۇقسىز ھۇجۇم، جانلىقلىق، نىشان، سۈرئەت، ئىقتىدار ۋە سۈپەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىستراتېگىيەلىك نەزەرىيەنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ. فورېستنىڭ 1864 ـ يىلى برايس ئۆتۈشمە يولى ئۇرۇشىدا بىرلەشمە ئارمىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى جۇمنىنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ، بولۇپمۇ مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنىڭ ئۆرنىكىدۇر.

شۇنىڭدىن خېلى كېيىن، يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، گېنېرال ھېينز گۇدېرىيان (Heinz Guderian) ھىتلېرنىڭ برونېۋىك قىسىملىرىنى باشلاپ، بېلگىيە ۋە فرانسىيەدىن ئۆتكەندە، فورېستقا ئوخشاش پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان، يەنى زور كۈچنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاندىن دۈشمەنگە رەھىمسىزلەرچە قوغلاپ زەربە بەرگەن.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ھازىرغىچە دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم ئوچىقىدۇر. ئەينى ۋاقىتتىكى ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلەر جومىنى ئوتتۇرىغا قويغاندەك كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تېخنىكىۋى ئەۋزەللىكنىڭ مۇداپىئەچى تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى ھېس قىلالمىغان.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى دەھشەتلەر ئىستراتېگىيە ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا تۈرتكە بولغان. داڭلىق ھەربىي مۇتەپەككۇر باسىل لىدېل خارت (Basil Liddell Hart) ئۇدۇلدىن قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ پايدىسى چەكلىك دەپ يەكۈن چىقارغان؛ ئەكسىچە، ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى قوراللارنى، بولۇپمۇ برونېۋىكنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئۆزىنىڭ ۋاستىلىك لىنىيە نەزەرىيەسىنى تەشەببۇس قىلغان.

1930 ـ يىللاردا، سىياسىي ۋە تېخنىكىۋى شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، باشقا ئىستراتېگىيەلىك نەزەرىيەلەر بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى جۇغراپىيەۋى سىياسەت ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش «جۇغراپىيە بەلگىلىگۈچىدۇر» (geographical determinism) نەزەرىيەسى بولۇپ، بۇ نەزەرىيەدە «جۇغراپىيە دۆلەتلەرنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ قارىلىدۇ.

جۇغراپىيەۋى سىياسەتتىكى ئەڭ مەشھۇر سۆزلەردىن بىرى 1904 ـ يىلى سېر خالفورد ماكىندېر (Halford Mackinder) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزى شەپە بەرگەن مەزمۇن جەھەتتە

كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ: «كىم شەرقىي ياۋروپانى چاڭگىلىغا كىرگۈزسە، مەركىزىي بەلباغدا (Heartland) گېپى ئۆتىدۇ. كىم مەركىزىي بەلباغنى چاڭگىلىغا كىرگۈزسە، دۇنيادا گېپى ئۆتىدۇ.»

جۇغراپىيەۋى سىياسەت ناتسىست گېرمانىيەسى تەرىپىدىن گېرمانىيەنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى يوللۇقلاشتۇرۇشنىڭ ساختا ئىلمىي ئاساسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانىدى، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە بۇ ساھە قايتىدىن جانلانماقتا.

## دەسلەپكى ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلەردىن ئېلىنىدىغان يادرولۇق ساۋاقلار

دەسلەپكى ھەربىي ئىستراتېگىيەچىلەردىن مىراس قالغان، ئەستە تۇتۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككى قورال ۋاستىلىك لىنىيە ۋە مەركىزىي مەيدان ئىستراتېگىيەسىدۇر. ئەمما، بىز بۇ قوراللارنى قانداق ۋە قاچان ئىشلىتىشنىمۇ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسى ھەمىشە ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر پرىنسىپلارنى يادلىۋېلىشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئۇ سىزدىن مۇستەقىل ۋە سەزگۈر تەپەككۇر قىلالايدىغان ئۆتكۈر ۋە جانلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## تونۇۋېلىشقا تېگىشلىك شەخسلەر

ناپالېئون بوناپارت (1769 ـ 1821): بىر مەھەل ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ خوجىسى بولغان ناپالېئون ئەسلىدە ئۆزى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىجرا قىلىدىغان ئىستراتېگىيەدىن چەتنەپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، ۋاتېرلو ئۇرۇشىدا ئۆز قوشۇنىنىڭ يان ۋە ئارقا تەرىپىنى ئۈنۈملۈك يوشۇرالماي (mask) مەغلۇپ بولغانلىقى بىلەن ئەسلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئەنئەنىسى، زامانىۋى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگانلىرى، شۇنداقلا ھەربىي نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىراسلىرى بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن.

كارل ۋون كلاۋسېۋىتز (1780 ـ 1831): ئۇرۇش ۋە ئىستراتېگىيەگە بولغان كۆز قارىشىمىزنى 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۇ ئوفىتسېر ۋە نەزەرىيەشۇناستىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. خۇددى ئادام سىمىس ئىقتىسادشۇناسلىقتا تەلتۆكۈس يېڭىلىق ياراتقانىدەك، كلاۋسېۋىتز ئىستراتېگىيەشۇناسلىقنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتكەن. ئۇ پرۇسسىيە ۋە رۇسىيەنىڭ سېپىدە ناپالېئونغا قارشى ئۇرۇش قىلغان، شۇنداقلا ۋاتېرلو ۋە بورودىنو جەڭلىرىگە قاتناشقان. ئۇ 1831 ـ يىلى ئۆلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى مەرىي «ئۇرۇش ھەققىدە» ناملىق كىتابىنىڭ قوليازمىسىنى رەتلەپ، نەشر قىلدۇرغان.

ھېينز گۇدېريان (1888 ـ 1954): چاقماق تېزلىكىدىكى تانكا ئۇرۇشى سەنئىتى جەھەتتىكى مەشھۇر نەزەرىيەشۇناس ۋە ئىجرائاتچى. گۇدېريانىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى ھاياتىي كۈچى ۋە ماھارىتىگە پەقەت ئېرۋىن رومېلنىلا (Erwin Rommel) تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن.

جەكسون توماس (1824 ـ 1863): ئۇ جەڭگاھ تاكتىكىسى جەھەتتە زامانداشلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولۇپ، گېنېرال جەكسوننىڭ ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىدىكى شوئارى دۈشمەننى «گاڭگىرىتىش، ئازدۇرۇش ۋە ھەيران قالدۇرۇش» ئىدى.

ئانتونى جومىنى (1779 ـ 1869): نەزەرىيەشۇناس ۋە گېنېرال. جومىنى 19 ـ ئەسىردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە دەستۇرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۆز دەۋرىدىكى دۇنيا ھەربىي ساھەسىگە باشقا ھەرقانداق نەزەرىيەشۇناسلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ گېئومېترىيەلىك ئۇقۇملارنى جەڭگاھقا تەدبىقلاش ئۇرۇنۇشى بىلەن مەشھۇر.

سېر خالفورد ماكىندېر (1861 ـ 1947): ماكىندېر كەسپىي جۇغراپىيەشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن، 1904 ـ يىلىدىكى ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش فورمۇلاسى ئارقىلىق، جۇغراپىيەۋى سىياسەت پېننى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇرۇنۇشى بىلەن ئەسلىنىدۇ.

<u>تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر</u>

بۇسكىرك، «زامانىۋى باشقۇرۇش ۋە ماكياۋېللى» (Modern Management and Machiavelli).

چاندىلېر، «ناپالېئوننىڭ ھەربىي ھېكمەتلىرى» (The Military Maxims of Napoleon).

كلاۋسېۋىتز، «ئۇرۇش ھەققىدە» (On War).

گرېي، «زامانىۋى ئىستراتېگىيە» (Modern Strategy).

جومىنى، «ئۇرۇش سەنئىتى» (The Art of War).

لىدېل خارت، «بۈيۈك قوماندانلارنىڭ سىرلىرى» (Great Captains Unveiled).

ۋون گېيېزىي، ۋون ئوتىنگېر ۋە باسبورد، «كلاۋسېۋىتزنىڭ ئىستراتېگىيە چۈشەنچىسى» (Clausewitz on Strategy).

## ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. ناپالېئوننىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىزنى جەڭگاھتىن ھالقىغان ھەيران قالارلىق چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، چۈنكى ئۇ مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى، زېرەك سىياسىيون، شۇنداقلا جەڭگاھتىكى قالتىس گېنېرال ئىدى. ئۇنىڭ «جەڭگاھقا تەييار تۇرۇڭلار» دېگەن سۆزى ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ ۋە بىزگە ئىستراتېگىيەلىك ئورنىمىزنى قەرەللىك باھالاپ، دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن بولغان خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا قانچىلىك تەييارلانغانلىقىمىزنى باھالاشنى كۈچلۈك تەۋسىيە قىلىدۇ. سىز جەڭگاھقا تەييارمۇ؟

2. ناپالېئوننىڭ مەركىزىي مەيدان ئىستراتېگىيەسى بىزنى بىزگە قارشى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىتتىپاقداش قاتناشقان توقۇنۇش ئەھۋاللىرىغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە ئەمەلىي يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئىستراتېگىيەدىكى ئاساسلىق ئىدىيە «رەقىب كۈچلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمىغا قارشى كۈچنى زامان ۋە ماكانغا مەركەزلەشتۈرۈش»تۇر. بۇنداق بولغاندا سىز تېخىمۇ كۈچلۈكتەك كۆرۈنىدىغان رەقىبلەر بىلەن كۈچ سىنىشالايسىز. شەخسىي ياكى كەسپىي ھاياتىڭىزدا ناپالېئوننىڭ مەركىزىي مەيدان ئىستراتېگىيەسىگە ماس كېلىدىغان ئەھۋاللار بارمۇ؟

3. ناپالېئوننىڭ ۋاستىلىك لىنىيە ئىستراتېگىيەسى بىزنى كۈچ جەھەتتە ئۆزىمىزگە باراۋەر كېلىدىغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش مېتودى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر رەقىبنىڭ كۈچلۈك تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشتىن كۆرە، ئۇنىڭغا ۋاستىلىك لىنىيە ئارقىلىق يېقىنلاشساق، گاھىدا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلغاندەك ھالەت پەيدا قىلىپ، تېرە تاراقشىتساق بولىدۇ. شىركەتلەر بۇ نۇقتىدىن ھەربىي قىسمىغا ئوخشاشلا ناھايىتى ياخشى پايدىلىنالايدۇ. يەنى بىز قارشى تەرەپكە ئۆزى كۈتكەن يۆنىلىشتە يېقىنلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان يۆنىلىشتىن يېقىنلاشساق بولىدۇ. رىقابەتچىلىرىڭىزگە خىرىس قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنالايدىغان ۋاستىلىك مېتودنى تېپىپ چىقىڭ.

4. ئانتونى جومىنى ئەينى ۋاقىتتىكى قوشۇنلار ئۈچۈن «ئەڭ ياخشى دائىمىي تەرتىپ» بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ناپالېئوننىڭ ئۇرۇش ئىستراتېگىيەلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىگە تولىمۇ چۈشىنىشلىك شەرھلەپ بەرگەن. ئەڭ ياخشى تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىش زامانىۋى كارخانىلارنىڭ نىشانى بولۇپ، بۇ كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. گەرچە بۇ ئىستراتېگىيە بولمىسىمۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم. سىز ئۆز ساھەيىڭىزدە ئەڭ ياخشى تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىۋاتامسىز؟ سىز باشقىلار بىلەن مۇئامىلىلىرىڭىزدە، كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزنىڭ ئاساسى بولغان سىستېمىلاردا ئەڭ ياخشى تەرتىپكە رىئايە قىلامسىز؟

5. كلاۋسېۋىتز قوماندانىنىڭ «بىر قاراشتىلا ھەربىي ۋەزىيەت ۋە يەر شەكلىنىڭ ئەۋزەللىك-يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ يېتىش ئىقتىدارى»غا (coup d’oeil) ياكى جەڭ مەيدانىدىكى بىۋاستە سېزىمىغا زور ئەھمىيەت بەرگەن. ھەر بىرىمىز ھۆكۈم قىلىش ۋە قارار چىقىرىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرەلەيمىز، ئەمما «بىر قاراشتىلا ھەربىي ۋەزىيەت ۋە يەر شەكلىنىڭ ئەۋزەللىك-يېتەرسىزلىكلىرىنى

كۆرۈپ يېتىش ئىقتىدارى» دېگەنلىك ئاساسىي تەھلىلدىن ھالقىپ، بىۋاستە سېزىمىمىزگە قۇلاق سېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھاياتىڭىزدا بىۋاستە سېزىمىڭىز ياكى «ئالتىنچى تۇيغۇڭىز» سىزنى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك ھەل قىلىش چارىسى بىلەن تەمىنلىگەن ۋاقىتلار بولغانمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ كۆزىتىش كۈچىنىڭ مەنبەسىنى تەھلىل قىلىڭ ۋە بىۋاستە سېزىمىڭىزنى بېسىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشقا ئادەتلىنىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# خىتاي ھۆكۈمىتى قايسى تەرزدە ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىۋاتىدۇ؟

چاد گۈزمەن، كوھ ئېۋا

# ختاي ھۆكۈمىتى قايسى تەرەپتە ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىۋاتىدۇ؟

چاد گوزمەن، كوھ ئېۋا

(بۇ ماقالە «ۋاقىت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

ختاينىڭ 2023-يىلى ئوڭۇشلۇق بولمىدى. بۇ ئايدا ئېلان قىلىنغان رەسمىي ئىستاتىستىكىدا كۆرسىتىلىشىچە، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولمىش ختاينىڭ بارلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەردە ئىپادىسى ياخشى بولمىغان، ھالبۇكى تەھلىلچىلەر 2022-يىلى 12-ئايدا قاتتىق COVID-19 قامال تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ختاي ئىقتىسادى ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ مۆلچەرلەشكەنىدى. ختاينىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 5.2 پىرسەنت ئاشقان بولۇپ، بۇ نىسبەت مۆلچەردىكىدىن سەل يۇقىرى بولغان بولسىمۇ، بۇلتۇرقى ختاي ياشلىرى ئارىسىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى يۇقىرى ئىشسىزلىق نىسبىتىنى، تۇرالغۇ كرىزىسىنى، كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان پاي بازىرىنى ۋە ئومۇمىي كاساتچىلىقنى نەزەردە تۇتقاندا، (5.2 پىرسەنت دېگەن) بۇ سانمۇ كەڭ كۆلەمدە گۇمان قوزغىماقتا.

شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ختاي ھۆكۈمىتى زەئىپلەشكەن ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 2024-يىلى چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىش ۋە دۆلەت ئىچى ئىستېمالىنى غىدىقلاش قاتارلىق بىر قاتار يېڭى تەدبىرلەرنى يولغا قويىدى. لېكىن، قارىماققا ئىزچىل ھالدا ختاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا قارشى ئامىل سۈپىتى مەۋجۇت بولۇپ كەلگىنى، ختاي كومپارتىيەسىنىڭ ختاي جەمئىيىتىنى ياخشىلاش ياكى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ئۇلۇغۋار سىياسەتلىرى بولۇپ، بۇ سىياسەتلەر يېقىنقى يىللاردا ھەممىشە ناچار زەنجىرسىمان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولماقتا.

بۇنىڭ تولىمۇ غەلىتە مىساللىرىدىن بىرى شۇكى، ختاينىڭ ئالدىنقى ئايدا ياشلارنىڭ ئويۇنخۇمارلىقىنى باستۇرۇش ئۇرۇنۇشى پات يېقىندا ختاينىڭ ئەڭ چوڭ ئويۇن شىركەتلىرىگە چەكلىمىلەر قويۇلۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى پەرەزلەرگە سەۋەب بولدى ھەمدە پاي بازىرىنى قاتتىق داۋالغۇتتى. ھەتتا، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ختاي دائىرىلىرى ئەتىسىلا ئۆزلىرى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويغان «نىزام لايىھىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە ۋەدە بەردى.

ھەر خىل ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن، شى جىنپىڭنىڭ «غايىۋى جەمئىيەت» تەسەۋۋۇرى بىلەن بىردەك بولۇشنى مەقسەت قىلغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلۈغۋار نىشانلار ھۆكۈمەتنىڭ كاساتلاشقان ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈرۈنۇشى بىلەن بارغانسېرى زىتلاشماقتا.

«دۆلەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى»نىڭ قارمىقىدىكى «دۆلەتلىك ئىقتىساد بۆلۈمى»نىڭ مۇدىرى يۇەن دا بۇ مەسىلىنى تونۇپ يېتىپ، ئالدىنقى ھەپتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا «سىياسەت ماسلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ تەكىتلەندى» دېدى ھەمدە ئۆز ئورگىنىنىڭ «ئىقتىسادتىن باشقا سىياسەتلەر» توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى تەكشۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادقا «چېكىندۈرگۈچى-چەكلىگۈچى تەسىرى» بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

بۇ خىل تەگيۈگلۈقنى ساقلاش ئاسان ئەمەس. سىنگاپوردىكى لى گۇاڭياۋ ئامموۋى سىياسەت ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ئادام لىيۇ (Adam Y. Liu) بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن نىشانلىرى بار، ئېنىق نىشانلىرىڭىز كۆپ بولۇپ كەتسە، بەزىدە بۇ نىشانلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشالىشى ناتايىن.»

ئادام لىيۇنىڭ قارىشىچە، داۋاملىشىۋاتقان سىياسەت توقۇنۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىشى ھەمدە بۇ سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىدىغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ــ ئىقتىسادىي خەۋپنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــ خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىگە ساداقەت ئىزھار قىلىش ئىستىكى ئىكەن.

«ئەمەلىيەتتە بۇ ساداقەت ئىزھار قىلىش مەسىلىسىدۇر. بەزىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق بىمەنە ئىشنى قىلىش سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر».

تۆۋەندىكىلەر خىتاينىڭ غەيرىي ئىقتىسادىي «مۇھىم» نۇقتىلارنى قوغلىشىش جەريانىدا، ئۆزىمۇ تۇيماستىن ئۆز ئىقتىسادىغا زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ بىر قانچە خىل شەكلىدۇر.

## ئويۇن ساھەسى

بۇلتۇر 12-ئايدا، خىتاينىڭ ئويۇن كەسپىنى نازارەت قىلىدىغان «دۆلەتلىك ئاخبارات ۋە نەشرىيات ئىدارىسى» (NPPA) تور ئويۇنلىرىنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش بەلگىلىمە لايىھەسىنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە (ئويۇن ئۇچۇن خەجلىنىدىغان) چېقىم چەكلىمىسى بېكىتىش ۋە ئۇدا ئويۇن ئوينىغانلارنى مۇكاپاتلايدىغان تۈزۈمنى چەكلەش قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن

بۇيان دائىرىلەرنىڭ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى ئويۇن ۋە ئەقلىيفون خۇمارىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغان بىر قاتار چەكلىمىلەر ئىچىدىكى ئەڭ يېڭى چەكلىمە ئىدى.

ئەمما، 2021-يىلى ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىغان بۇ زەربە بېرىش ھەرىكىتى خىتاينىڭ نەچچە مىليارد دوللارلىق ئويۇن كەسپىگە ئېغىر ئىقتىسادىي تەسىر كۆرسەتتى-دە، 2022-يىلى بۇ ساھەدىكى ئومۇمىي كىرىم تۇنجى قېتىم ئازايدى. ئالدىنقى ئايدا ئېلان قىلىنغان نىزام لايىھەسىمۇ مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ 2021-يىلىدىكىگە ئوخشاش يەنە بىر زەربە باشلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ قائىدە ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خىتايدىكى ئىككى چوڭ ئويۇن شىركىتى تېڭشۈن ۋە ۋاڭيى شىركەتلىرىنىڭ پاي باھاسى تۆۋەنلەپ، ئومۇمىي بازار قىممىتى 80 مىليارد دوللارغا يېقىن خوراپ كەتتى.

نەتىجىدە، دائىرىلەر بۇ خىل ئالاقزادىلىكنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تىپىرلاشقا باشلىدى. «دۆلەتلىك ئاخبارات ۋە نەشرىيات ئىدارىسى» بىر كۈندىن كېيىن قايتا بايانات ئېلان قىلىپ، نىزام لايىھەسىنى «تۈزىتىش ۋە ياخشىلاش»قا ۋەدە بەردى. دۆلەت تاراتقۇسى بولمىش «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ھۆكۈمەت تەرەپ يەنە خىتايدا ياسالغان 105 ئويۇننى تېزلا تەستىقلىغان بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئويۇن كەسپىنى قوللىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەن. رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، بۇ يىل 1-ئاينىڭ بېشىدا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «دۆلەتلىك ئاخبارات ۋە نەشرىيات ئىدارىسى»نى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل «تەشۋىقات بۆلۈمى»نىڭ باشلىقى ئىشتىن بوشىتىلغان.

## چېركىلىككە قارشى تۇرۇش

شى جىنپىڭنىڭ دەبدەبىلىك چېركىلىككە زەربە بېرىش ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نۇقتىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى، خىتاينىڭ ئالىي رەھبەرلىرى ئۆتكەن ئون يىلدا چېرىك ئەمەلدارلارنى ــ مەيلى «يولۋاس» ياكى «چىۋىن» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــ تازىلاشقا بەل باغلىغاندىن كېيىن، جەمئىي تۆت مىليون 700 مىڭ ئەمەلدار بۇ دولقۇندا جازالاندى. بۇ ھەرىكەتتە ھېلىھەم پەسىيىش ئالامىتى كۆرۈلگىنى يوق. شى جىنپىڭ مۇشۇ ئايدا پۇل مۇئامىلە، دورىگەرلىك ۋە ئۇل مۇئەسسە قاتارلىق مۇھىم كەسپلەردە چېركىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كۈچەيتىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

گەرچە دائىرىلەر چېركىلىكنى يىلتىزىدىن يوقىتىش ئۇرۇنۇشىنىڭ خىتاي ئىقتىسادىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇندىن بۇيان بۇنىڭ بەدىلىنىڭ تولىمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ چېرىك دەپ قارىلىشتىن ئەنسىرەپ يېڭى تۈرلەرنى يولغا قويۇشتىن

قورقۇنۇشلۇقى ھەمدە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بۇ كەسپلەرگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەنىدى. خىتاينىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشتىن-ئاخىر ئىقتىسادقا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى: 2014-يىلى، ئامېرىكا بانكىسى «مېررىل لىنچ» بۇ ھەرىكەتنىڭ چىقىمىنى 100 مىليارد دوللار دەپ مۆلچەرلىگەنىدى؛ بۇلتۇر خىتاينىڭ ساقلىقنى ساقلاش كەسپىدىكى چىرىكلىككە زەربە بېرىش ھەرىكىتى سەۋەبلىك، ساقلىقنى ساقلاش پاي چېكلىرىنىڭ بازار قىممىتى 142 مىليارد دوللار تۆۋەنلىدى.

## جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش

ئامېرىكا بىلەن سىياسى سۈركىلىش كەسكىنلىشىۋاتقان پەيتتە، خىتاي 7-ئايدا چەتئەل مەسلىھەتچىلىك شىركەتلىرىنىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن، مەزكۇر شىركەتلەرگە چەك قويىدىغان يېڭى «جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويدى. ئەمما، بۇ قانۇندىكى ئىبارىلەرنىڭ دائىرىسى زىيادە كەڭ بولغانلىقتىن، ئۇ خىتايغا مەبلەغ سېلىشنى ئويلاۋاتقان چەتئەل شىركەتلىرىنى زۆرۈر ئۇچۇر ۋە ئىستىخبارات بىلەن تەمىنلەشكە مەسئۇل سودا مەسلىھەتچىلىك شىركەتلىرىنى باستۇردى ھەمدە ئاللىبۇرۇن خىرىسقا تولغان سودا مۇھىتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتتى.

گەرچە بۇ قانۇننىڭ تەسىرى تېخى تولۇق ھېسابلانمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چەتئەللىكلەرنىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىش ئىستىكى ئەسلىدىنلا تۆۋەن بولۇۋاتقان شارائىتتا يولغا قويۇلغانلىقى ئېنىق. خىتاي سودا مىنىستىرلىقىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، گەرچە خىتاينىڭ باش مىنىستىرى ۋە باش ئىقتىسادىي مەسئۇلى لى چياڭ خىتاينىڭ سودا جەھەتتە ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى توختىماي تەكىتلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن يېڭى بىۋاسىتە چەتئەل مەبلىغى (actual utilized new foreign direct investment) 2023-يىلى بىر تىرىليون 100 مىليارد يۈەن (155 مىليارد دوللار) بولغان بولۇپ، 2022-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا سەككىز پىرسەنت تۆۋەنلىگەن.

JPMorgan نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى جېيمى دايمون (Jamie Dimon) 2024-يىللىق داۋوس مۇنبىرىدە CNBC نىڭ مۇخبىرىغا مۇنداق دېدى: «ئۇ يەرگە مەبلەغ سالماقچى بولغانلار چوقۇم مەلۇم دەرىجىدە ئەندىشە قىلىشى كېرەك، چۈنكى خەۋپ-ھوسۇل نىسبىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى.»

## يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش سىياستى

2020-يىلى COVID-19 ۋاباسى يامرىغان دەسلەپكى مەزگىلدە، خىتاينىڭ كەڭ كۆلەمدە قامال قىلىش، پۈتۈن خەلقنى كارانتىن قىلىش ۋە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش تۈزۈمى بىلەن تونۇلغان «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستى يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيە، دەپ تەرىپلەنگەندى. ئەمما، مەزكۇر ۋىرۇس يەرشارىۋى ۋاباغا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ، شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى ئۇنىمىغانلىقتىن، بۇ سىياسەت ئاخىرىدا خىتاينىڭ ئۆز پۇتىغا چېپىلغان پالتىغا ئايلاندى.

بىر مەھەل بۇ سىياسەت ئائىلىلەرنى يېمەكلىك تاپالماس ھالغا ئەكېلىپ قويىدى ھەمدە ئوت ئاپىتى قاتارلىق جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلدى. بەزى ئاھالىلەر مەجبۇرىي كارانتىن قىلىندى، بەزى شەھەرلەردە قاتتىق ساغلاملىق سىياستى ئاھالىلەرنىڭ نورمال خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، نامايىشلار يۈز بەردى. نارازىلىق 2022-يىلى 11-ئايدا يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، نامايىشچىلار كوچىلارغا چىقىپ «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياستىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ خىتايدا كەم ئۇچرايدىغان پۈتكۈل دۆلەتتىكى نارازىلىق ئىدى.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇرۇلۇش 2022-يىلى 12-ئايدا يۈز بەردى. ئەينى ۋاقىتتا شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتى تۈيۇقسىز بارلىق چەكلىمىلەرنى بىكار قىلدى. ئەمما، بىر نەچچە يىلغا سوزۇلغان قامالنىڭ ئىقتىسادىي تەسىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى، بولۇپمۇ ئىستېمالچىلارنىڭ ۋە كارخانىچىلارنىڭ ئىشەنچى تۆۋەنلەپ كەتتى.

## خۇسۇسىي مائارىپ

خىتاي ۋىرۇسى ۋاباسى ئەڭ ئېغىرلاشقان مەزگىلدە، خىتايدىكى خۇسۇسىي ئوقۇتۇش شىركەتلىرى قاتتىق ئالقىشقا ئېرىشكەندى. گەرچە 150 مىليارد دوللارلىق قىممەتكە ئىگە بۇ ساھە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەر يىلى 6-ئايدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئۇتۇق قازىنىش ئىستىكىدىن تولۇق پايدىلانغان بولسىمۇ، شى جىنپىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ساھە ئاتا-ئانىلارنىڭ «ئۇنىۋېرسىتېت ئۇنۋانىغا ئېرىشەلمىگەن باللار ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېگەن ئەندىشىسىنى سۇيىئىستېمال قىلدى، دەپ قارىدى.

2021-يىلى 6-ئايدا، ھۆكۈمەت تۈيۈقسىز تاپاۋەت تېپىدىكى دەرس تەكرارلاش كۇرسلىرىنى چەكلىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆز مۇلازىمىتىنى تەشۋىق قىلىشىنىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە چەكلىدى. لېكىن، تۇغۇت نىسبىتى تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن نۇقتىغا چۈشۈپ قالغان بۇ مەزگىلدە، بالا تەربىيەلەش تەننەرخىنى


تۆۋەنلىتىش ۋە مائارىپ شىركەتلىرىنىڭ پايدا نىسبىتىنى تەڭشەشنى مەقسەت قىلغان بۇ چەكلىمە نۇرغۇن شەخسىي مائارىپ شىركەتلىرىنى قەرزگە بوغدى. خىتايدىكى ئەڭ چوڭ مائارىپ شىركىتى قايتا تەشكىللەش جەريانىدا ئاتمىش مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئىشتىن بوشاتتى-دە، بۇ ئەسلىدىلا پەۋقۇلئاددە چوڭ بولغان ئىشسىزلار توپىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى.

بۇ چەكلەش ئاخىرىدا پايدا كۆزلەيدىغان دەرس تەكرارلاش كۇرسلىرىنى تۇسۇپ قالالمىدى. شەخسىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قارا بازىرى شەكىللىنىپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىهانىدىكى نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئېهتىياجىغا ماس كەلدى ۋە بۇنىڭ باهاسى تېخىمۇ يۇقىرى بولدى.

ئىنگلىزچىدىن هېكمەتيار ئىبراهىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://time.com/6576849/china-social-policies-negative-economic-effects/



سوقراتنىڭ ئۆلۈمى ۋە سېيىت نوچىنىڭ غەلىبىسى
هېكمەتيار ئىبراھىم

# سوقراتنىڭ ئۆلۈمى ۋە سىيت نوچىنىڭ غەلىبىسى

ھېكمەتيار ئىبراھىم

ھەر قايسى دەۋرلەردە چىققان قەھرىمانلار ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يارىشىق، بېزەكلىرى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەرلەر، ھەكىملەر، ھەقىقەتپەرۋەر ئۆلىمالار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نۇرلۇق چىراقلاردۇر. بەئەينى چىراق قاراڭغۇ-زۇلمەتنى يوق قىلغاندەك، بۇ زاتلارمۇ ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىكى ۋە ھايات يولىدىكى زۇلمەتلەرنى يوقىتىدىغان نۇرلۇق چىراق، جۇلالىق مەشئەلدۇر. ئۇلار مەۋجۇت بولمىغان ئىنسانىيەت تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قورقۇنچلۇقتۇر، ئۇلار مەۋجۇت بولمىغان ئىنسانىيەت تارىخى قاراڭغۇ-زۇلمەتلىكتۇر. ھەققانىيەتچى قوماندانلار ۋە مۇتەپەككۇرلار، ئادالەتلىك پادىشاھ-سۇلتانلار، دەۋرنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى قامچىلاپ، ئۆز دەۋرىدە شەكىللەنگەن ناباپ سېستىمىلارغا، رەزىللىكلەرگە، ئادالەتسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىقلارغا قارشى چىققان پەيلاسوپلار ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇ تارىخىدا يورۇقلۇق پەيدا قىلغان، ئادالەتسىزلىك ئالدىدا ھەققانىيەتنى جەۋلان قىلغان جەڭچىلەردۇر.

سوقرات ئەنە شۇنداق ھەققانىيەت جەڭچىلىرى جۈملىسىدىندۇر. سوقرات قاراڭغۇ ئىنسانىيەت تارىخىنى ئۆزىنىڭ مەردانە ئۆلۈمى ئارقىلىق يورۇتقان گىرىك پەيلاسوپىدۇر. ئۇ بىزدىن 2500 يىل بۇرۇن ياشىغان.

بىز بۇ يەردە سوقراتنىڭ ھاياتى، ئىدىيە-تەلىماتلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئولتۇرماقچى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوقراتنىڭ ئىدىيە تەلىماتلىرىمۇ پەلسەپە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئايىقى چىقماس تالاش-تارتىشلىرى بىلەن تولغان. پەلسەپىنى تەتقىق قىلىدىغانلار سوقراتنىڭ دەپ قارالغان ئىدىيە، تەلىماتلارنىڭ زادى سوقراتقا تەۋەمۇ ياكى ئۇنىڭ شاگىرتى ئەپلاتونغا تەۋەمۇ؟ مەسىلىسىدىمۇ كۆپ ئىختىلاپلاشقان. چۈنكى، سوقرات ئۆزى كىتاب يېزىپ قالدۇرمىغان.

كوچا-كويلاردا يالاڭئاياق مېڭىپ يۈرىدىغان، ئۆز دەۋرىدىكى ئىنسانلاردىن تامامەن پەرقلىق تەپەككۇر ۋە دۇنيا قارىشىغا ئىگە بولغان بۇ مۇتەپەككۇر دائىملا ئىنسانلارنىڭ يەكلىشىگە دۇچ كەلگەن. سوقراتنىڭ ئەڭ يارقىن تەرىپى — ئۇنىڭ ئېقىمغا ئەگىشىپ ماڭماسلىقى، سىياسەتچىلەرنىڭ ياكى ئاۋامنىڭ پىكىر يۆنىلىشىگە بويسۇنماسلىق؛، قائىدە-پىرىنسىپقا ئايلىنىپ كەتكەن، ھەممە كىشى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ بولغان دۇنيا قاراشلىرىغا پۈتۈنلەي ئاغدۇرمىچىلىق ۋە شۈبھە بىلەن مۇئامىلە قىلىشى قاتارلىقلاردۇر.

ئۇنىڭ تېخىمۇ بەك يارقىن تەرىپى بولسا ئادالەتسىزلىك قىلىشنى ئادالەتسىزلىككە ئۇچراشتىنمۇ بەك ئازاپلىق ئىش، دەپ قارىشىدۇر. يەنى سوقرات «ئادالەتسىزلىك قىلىدىغان زالىم كىشىلەر ئۇنىڭ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىلەردىنمۇ بەك بىچارىدۇر» دەپ قارىغان. سوقرات يەنە «جاھالەت \ قارا قورساقلىق پۈتكۈل يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى. جاھالەت يوق بولمىسا يامانلىقلار تۈگىمەيدۇ» دەپ قارىغان.

سوقرات باشقا بىلىمدانلارنىڭ ئەكسىچە دادىللانە ھالدا «مەن ھېچنەرسە بىلمەيمەن» دەپ جاكارلىغان. سوقرات ھېچقاچان بىلىملىك ئالىم، ھەممىنى بىلىدىغان ھۆكۈما تونىغا ئورىنىۋالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوقرات ئوردىدىكى بىلىملىك ئالىملارغا، دۆلەتنى ئىدارە قىلىۋاتقان سىياسەتچى، پادىشاھ، ۋەزىر-ۋۇزۇرالارغا خوش-خوش دېيىشنى راۋا كۆرمىگەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بېكىتىۋالغان قانۇن-سېستىملارغا ھۆرمەت كۆرسىتىشنى پۇقرالىق بۇرچى قاتارىدىمۇ كۆرمىگەن.

سوقرات خەلقنى، بولۇپمۇ ياشلارنى قارا قورساقلىقتىن ۋە ئاڭسىزلىقتىن قېچىشقا تەشەببۇس قىلغان. قائىدە-نىزاملارغا سوئال قويۇشقا «كۈشكۈرتكەن.» ئىنسانىنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ مەنپەئەتپەرەس كىشىلەر تۈزۈۋالغان قائىدە-نىزاملاردىن كۆپ ئۈستۈنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان.

بىردىن كۆپ باتىل ئىلاھقا، خەلقنىڭ ھەممىسى چوقۇنىۋاتقان ئاتىنا تەڭرىلىرىگە چوقۇنۇپ، ئىبادەت قىلىشقا قارشى چىقىشى سەۋەبلىك «دىنسىزلىق» جىنايىتى بىلەن ئەيىپلەنگەن.

مال-دۇنيا ۋە نام-شۆھرەتنىڭ كىشىلەر ئورتاق رەۋىشتە چوڭ كۆرۈپ، قوغلاشقىنىدەك ئۇنداق ئۈستۈن نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى تەرغىپ قىلغان.

سوقرات يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھوقۇقدار، مەنسەپدارلار تەرىپىدىن بارغانچە تەھدىت دەپ قارىلىشقا باشلىغان. سوقرات بولسا ئۆزىنىڭ «تەڭرىنىڭ ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھەقپەرۋەر كىشى» ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ھەر قانداق شەكىلدە زۇلۇم ۋە ھەر قانداق شەكىلدىكى ئەخلاقسىزلىقنى ئىنسانلارغا ماس كەلمەيدىغان، ئىنسانلارنى ھايۋانلاشتۇرىدىغان جىنايەتلەر دەپ قارىغان.

سوقراتنىڭ «جىنايىتى» مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جىنايەت ئارتىش سوتى ئاچقان سوت گۇرۇپپىسىدىكىلەر سوقراتقا مۇنۇ جازالاردىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى بەردى: (1) ئاتىنادىن قېچىپ كېتىپ سۈرگۈندە ياشاش ئۈچۈن ئۆلاردىن رۇخسەت سوراش؛ (2) ئىشلىگەن «جىنايەتلىرى» سەۋەبلىك كاتتىلاردىن ئۆزرە سوراش؛ (3) ئۆلۈم جازاسىنى تاللاش.

سوقرات ئىككىلەنمەي ئۆلۈمنى تاللىدى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ۋە يېقىنلىرى ئۇ سولانغان تۈرمىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن ئارقا يول تەييارلاپ قويغانلىقىنى؛ قېچىپ كېتىپ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى كۈچەپ تەرغىپ قىلسىمۇ، سوقرات زالىملارنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كېتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزى توغرا بىلگەن يولدا ئۆلۈشنى تاللىدى.

سوقرات ئۆزىنىڭ «دۆلەت ئالدىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىسا، ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقىدەك شانلىق چىقىش يولى»غا مەنستىمەسلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ،

ئۆزى ھەق دەپ ماڭغان يولىدىن كەينىگە داجىمىدى. «ئەقىدەمدىن يېنىشىم ئۆلۈمدىن يامان» دېگىنىچە ئۆلۈمگە بېشىنى تۇتتى.

بەئەينى سوقرات ئۆلۈمنى ئۆزى خالاپ تاللىغاندەك، قەشقەر دىيارىدىن چىققان پالۋىنىمىز سېيىت نوچىمۇ ئۆلۈمنى ئۆزى خالاپ تاللىدى. ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئۇزىتىپ قويماقچى بولغان جاللاتلار پالۋىنىمىزغا ئۆلۈم شارابى ئىچكۈزمەكچى بولۇپ ئالدىغا كەلگەندە، سېيىت نوچى ئۆلۈمگە ئارقىسىنى قىلمىدى، بەئەينى ئالدىغا كەلگەن ئىتلارغا قاچمىغان يولۋاستەك.

سوقرات ئۆز دەۋرىدىكى جاھالەتنى، زۇلۇمنى ۋە ئەخلاقسىزلىقنى تىلى ئارقىلىق قامچىلىغان بولسا، سېيىت نوچى ئۆز دەۋرىدىكى مۇشتۇمزۇر، زومىگەر، مۇتىھەملەرنى مۇشت-پەشۋالىرى ئارقىلىق «قامچىلىدى».

ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ كاتتا پەيلاسوپلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان سوقراتنىڭ ئۆزى خالاپ ئۆلۈمنى تاللىشىنىڭ ئەينىسى ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس سېيىت نوچىدىمۇ كۆرۈلدى. ئۇ ھىيلىگەر باسقۇنچى خىتاينىڭ ھىيلە ئىشلىتىدىغانلىقىنى پەملىيەلەشكە ئەقلى يەتمەيدىغان نادانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتنى — ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى — خىيانەت قىلماستىن — ئىچىدە نېمە باردۇ دەپ ئوقۇپ باقماستىن، قەشقەر دوتيىگە ئۆزى كۆتۈرۈپ ئېلىپ باردى. پالۋىنىمىز دۈشمەنىنىڭ بېغىغا كۆز تىكمەيدىغان، دۈشمەنگە دوست كۆرىنىپ تۇرۇپ، دۈشمەنىنىڭ ئىتىغا بولسىمۇ چالما ئېتىشنى نامەرتلىك دەپ بىلگەن زات ئىدى. «دۈشمەن بولغانكىن ماڭا نامەرتلىك قىلىشى مۇمكىن، نامەرتكە مەنمۇ يارىشىقىدا مۇئامىلە قىلىپ، ماڭا تۇتقۇزغان بۇ مەكتۇپنى بىر ئوقۇپ ياكى ئوقۇتۇپ كۆرەي» دەپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئەركەككىلىككە، پالۋانلىققا ۋە مەردانىلىككە قىلىنغان خىيانەت دەپ بىلگەن ئىدى. سېيىت نوچى «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغاندىن، يولۋاستەك بىر كۈن ياشا» پەلسەپىمىزنى ئۆز جېنى بەدىلىگە بىزگە تەۋرىرۈك قىلىپ قويۇپ كەتتى.

سېيىت نوچى خەلق ئارىسىدا تىكلىگەن يۈز ئابرۇيىنى ئىشقا سېلىپ يۇرت چوڭلىرىدىن، بايلاردىن، ھوقۇقدار-دوتەيلەردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى ئۇچۇن ئېغىز ئاچسا بولاتتى. ھەتتا، قەشقەر دوتيى سېيىت نوچىنىڭ ئۆزىگە بىر ئېغىز يالۋۇرۇشى سەۋەبلىك ئالدىغان خۇشاللىقى، سېيىت نوچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتىن ئالىدىغان خۇشاللىقىدىن ئارتۇق بولغان بولاتتى دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز. چۈنكى، بارچە نامەرتلەر، بارچە زالىملار ھەققانىيەت ئىگىلىرىنى، مەرت ئەزىمەتلەرنى ئۆزىگە يالۋۇرۇشقا، ئۆزىگە تىزلاندۇرۇشقا شۇنچىلىك خۇماركى، زالىملارغا پارچە خەلق تىزلانسا، ئەمما بىر مەرت ئەزىمەت تىزلانمىسا، ئۇنىڭغا بارچە خەلقنىڭ تىزلىنىشىدىن ئالغان شاتلىقى، ئاشۇ بىر ئەزىمەتنىڭ ئۆزىگە تىزلانماسلىقىدىن تارتقان ئازابىغا دال بولالمايدۇ. تارىختىن كۈنىمىزگىچە بولغان بارلىق قان ئىچەر زالىملارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى مانا بۇ.

تارىختا ئۆتكەن قەھرىمانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئۆلۈمدىن قورقماسلىق ئىدى. سېيىت نوچىمۇ ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن. سېيىت نوچى بەزى قەدەملەرنى خاتا باسقان بولۇشى ئېنىق. ئەمما، بىر قەدەمنى خاتا باسقانلىقىنى سەزگەن ھامان، ئىككىنچى قەدەمنىمۇ خاتا بېسىشقا —

ئۆلۈمنى تاللاشنىڭ ئورنىغا، دوتەيگە يالۋۇرۇش، يۇرت كاتتىلىرىغا زارلىنىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تىزناق تاتىلاپ خار بولۇش خاتالىقىغا قەدەم ئالمىدى.

دۈشمەنگە تىزلانماسلىق، زالىمغا چاپانچىلىق قىلماسلىق، ئۆز شەرىپىنى قوغداش يولىدا گېزى كەلسە ئۆلۈمدىنمۇ يانماسلىق ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى سوقراتنىڭمۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى سىيىت نوچىنىڭمۇ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر.

سىيىت نوچى ئۆزىنى تۇتقىنى كەلگەن چېرىكلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ياكى ئىككى مۇشت بىلەن ئوڭدا چۈشۈرۈۋېتىپ باشقا يۇرتقا قېچىپ كەتسە، ۋەياكى تاجاۋزۇچىنىڭ مالاي ئامبال، هوقۇقدارلىرىدىن يوشۇرۇنۇپ ياشىسا، ئەينى دەۋرنىڭ شەرت-شارائىتلىرىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ تامامەن مۇمكىن ئىش ئىدى. ئەمما، سىيىت نوچى «نوچى» دېگەن لەقەمگە مۇنداقلا ئېرىشىپ قالغان ئەمەس. نۇرغۇن ئىنسانلار جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلارغا جۈرئەت قىلالىشى بىلەن، زۇلۇمغا ۋە ناھەقچىلىككە هەممەيلەن سۈكۈت قىلىۋاتقان چاغدا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن، ئارقا تېرىكى كۈچلۈك مۇشتۇمزورلارنى تۆمۈردەك مۇشتى بىلەن تىك موللاق چۈشۈرۈۋېتىشى بىلەن «نوچى» بولغان. ئۇيغۇر خەلقىمىزمۇ بىكاردىن بىركارغا مۇنداقلا بىر ئەخمەقكە، ياكى ئاگىسز هالدا چېلىشىپ-مۇشتلىشىپ، باشقىلاردىن نوچىلىق تالىشىپ يۈرىدىغان بىر لۈكچەككە «نوچى» دەپ لەقەم قويىدىغان خەلق ئەمەس. ئۇنىڭ زالىمنىڭ ئالدىدىن قاچماسلىقى، ئۆلۈمدىن قورقۇپ زالىمغا يالۋۇرماسلىقى، جېنىنى قوغداپ قېلىش يولىدا ئۆزى ھەق دەپ بىلگەن مىزانلارغا خىلاپ هەرىكەت قىلماسلىقى ۋە بۇ شەكىلدە مەردانىلەرچە ئۆلۈشى — ئۇنىڭ نوچىلىقىغا تېخىمۇ نوچىلىق قوشتى.

سىيىت نوچىنىڭ ئۆلۈمى بىر جەھەتتىن پاجىئە، بىر جەھەتتىن غەلىبىدۇر. خۇددى سوقراتنىڭ ئۆلۈمىگە ئوخشاش. سوقرات ئۆز جېنى بەدىلىگە ئۆزى هەق دەپ بىلگەن يولدىن قايتماسلىقنى ئىنسانىيەتكە تەۋرەنمەك قىلىپ قويۇپ كەتتى. سىيىت نوچى بولسا، شەرەپسىز ئۆلۈم ئەلچىلىرىگە ئۇشتۇمتۇت تۇتۇلۇپ قالغاندا، ئۇلاردىن ياردەم، مەدەت سوراشنىڭ ئورنىغا، مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ تۇرۇپ ئۆلۈمنى تاللاشنى مەرتلىكنىڭ، ئەركەكلىكنىڭ ۋە نوچىلىقنىڭ بەلگىسى قىلىپ قالدۇرۇپ كەتتى.

مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات، نا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە،
سول كۆسۈمگە چەنلەپ ئات، جا ئۇستاڭ يېقىن كەلمە...



# ئۇيغۇرلار: ئاپەتتىن ئىلگىرىكى قەشقەر

روبېرت گېرخارد

# ئۇيغۇرلار: ئاپەتتىن ئىلگىرىكى قەشقەر

روبېرت گېرخارد

(بۇ ماقالە «دىپلومات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

1998 ـ يىلى، فوتوگراف كېۋىن بۇبرىسكى (Kevin Bubriski) شەرقىي تۈركىستانىنىڭ قەدىمىي شەھىرى قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر مەزگىل بىللە تۇرغانىدى. ئۇ ئەينى چاغدا تارتقان سۈرەتلەر شەھەرلىرى ۋە كۇلتۇرى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ باستۇرۇشى سەۋەبىلىك مەڭگۈلۈك ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بىر خەلقنىڭ ھايات كارتىنىسى ئىدى.



ۋەيران قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى قەشقەر كونا شەھىرى

شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن 12 مىليون ئۇيغۇر ياشايدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى بار بولۇپ، ئۇلار كۈلتۈر جەھەتتە خىتايلارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كىشىلەرگە تېخىمۇ يېقىن (ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن ھېچبىر كۈلتۈرەل ئورتاقلىق يوق، ت).

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، خىتاي رەھبەرلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن شاپاشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، خىتايلارنى بۇ جايغا كۆچمەن بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. نەتىجىدە، ھازىر ئۇيغۇرلار رايون نوپۇسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

لېكىن، شى جىنپىڭ 2013-يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، كۈچىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ ناچارلاشتى.



ۋەيران قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى قەشقەر كونا شەھىرى، سۈرەت 1998-يىلى تارتىلغان، بۇ ماقالىدىكى سۈرەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كېۋىن بۇبرىسكى تارتقان.

شەرقىي تۈركىستان كەڭ كۆلەملىك نازارەت ماكانىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلار ساقچىلارنىڭ دائىملىق نازارىتى ئاستىدا ياشايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈلدى، تېلېفونلىرى ئاختۇرۇلدى ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدى. دۆلەت سىرتىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، قۇرئان كەرىم يۇمشاق دېتالىنى چۈشۈرۈش ياكى مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغانلار ئېغىر ئاۋارىچىلىققا دۇچ كەلدى. بەزى ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى قاتارلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى.



ئاپپاق خوجا مەسجىدى، سۈرەت 1998 ـ يىلى تارتىلغان

2018 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» دەپ ئاتالغان تۈرمىلەرگە تاشلانغانلىقى مۆلچەرلەندى. بۇ

لاگېرلار 2017-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا ــ شۇنچە قاتتىق چەكلىمىلەرگە قارىماستىن ــ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئانتونىي بىلىنكېن 2021-يىلى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاشقۇنلارچە باستۇرۇشىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ئاتىدى. بىر قانچە دۆلەت خىتايغا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مۇئامىلىسى سەۋەبلىك جازا يۈرگۈزدى ھەمدە بۇ مەزكۇر ئەيىبلەشنى ئىزچىل رەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خۇيىنى تۇتقۇزدى.



قەشقەر كەپتەر بازىرىدىكى ئۇيغۇر بالا، سۈرەت 1998-يىلى تارتىلغان

شى جىنپىڭ تەختكە چىقىشتىن، باستۇرۇش ۋە جازا لاگېرلىرى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئامېرىكىلىق فوتوگراف كېۋىن بۇبرىسكى 1998-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى پايتەختى قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغانىدى. بۇبرىسكى ماڭا مۇنداق دېدى: «مەن ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلىگۈچى ۋە دوستۇم روبېرت گاردنېردىن قەشقەر ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغانىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ جون م. كوتزېينىڭ «ياۋايىلارنى ساقلاش» رومانى ئاساس قىلىنغان تۈنجى توقۇلما فىلىمىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە

بارغانىكەن. كېيىن، ئۇ مەزكۇر فىلىمنى تاماملىيالماپتۇ. ئەمما، ئۇ مەن بىلەن قەشقەر توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلاشتى ۋە مېنى ئۇ يەرگە بېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. مەن بۇ يەردە بىر ھەپتە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن (خىزمىتىمدىن سىرت) يەنە بىر نەچچە ھەپتە تۇردۇم ۋە بۇ يەرگە كەلگىنىمدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. مەن ھەمىشە خاسېلبلەد (Hasselblad) ماركىلىق ئىككى ئاپپاراتىمنى يېنىمغا ئېلىپ، قىزىقارلىق مەزمۇنلارنى ئىزدەيتتىم.»



قەشقەر كوچىسىدىكى ئۇيغۇر ساقچىلار، سۈرەت 1998-يىلى تارتىلغان

بۇ بىرىنچى فوتوگرافلىق بىلەن تۇنجى قېتىم 14 يېشىدا ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇ ئاشۇ چاغدا رەسىملەرنى يۇيۇشقا ۋە بېسىپ چىقىرىشقا باشلىغان. ئۇ «ھايات» ژۇرنىلىدا كۆرگەن سۈرەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ دېيۋىد دوگلاس دانكاننىڭ (David Douglas Duncan) ۋېيتنام ئۇرۇشىنى خاتىرىلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ ۋە «ئادەمنىڭ ئائىلىسى» ناملىق كىتابتىكى سۈرەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

گەرچە 1998 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن راھەتسىز، شىددەتلىك ئۆزگىرىش مەزگىلى بولسىمۇ، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىن، تىل، كۈلتۈر ۋە شەخسىي ئەركىنلىككە رەھىمسىزلەرچە زەربە بېرىش ھەرىكىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېگىز قۇملۇقتىكى بۇ كۈلتۈرەل مەركىزى يەنىلا ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى.



قەشقەر كەپتەر بازىرىدىكى ئۇيغۇر بالا، سۈرەت 1998 ـ يىلى تارتىلغان

بۇبىرىسكى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «1980 ـ ۋە 90 ـ يىللاردا تېبەتكە قىلغان نۇرغۇن قېتىملىق زىيارەتلىرىم مېنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈرەل ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. 1998 ـ يىلى، مەن تىبەتلەرنىڭ دالاي لامانىڭ ئاۋازى ۋە مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلاردا بۇنداق ياڭراق ۋە تەسىردار سۆز ساھىبى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، سۈرەتلەر تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى قەشقەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈرەل بايلىقلىرىدىن ھەمدە ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ كۈلتۈرى دۇچ كەلگەن تەھدىتتىن خەۋەردار قىلىشى

مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم-دە، 1998-يىلى قەشقەرگە بېرىپ سۈرەتكە تارتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدىم.»

بۇبۇرىسكىنىڭ سۈرەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلتۇرەل، ئىقتىسادىي، ئائىلىۋى، دىنىي ۋە مەنىۋى ئەنئەنىلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇبۇرىسكى 25 يىل ئىلگىرى شاھىت بولغان ۋە سۈرەتكە تارتقان قەشقەر ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ ھاياتىي كۈچى، گۈزەللىكى ۋە قەيسەرلىكى ئەمدىلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان تەرزدە ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، ئۇ تارتقان سۈرەتلەرنىڭ قىممىتى تېخىمۇ گەۋدىلەندى.



بامدات نامىزىدىن كېيىن، ھېيتگاھ مەسجىدىنىڭ ئالدى، سۈرەت 1998-يىلى تارتىلغان

شى جىنپىڭ دەۋرىدە، خىتاي كەڭ كۆلەملىك يوقىتىش ھەرىكىتى قوزغاپ، مەسچىت، قەبرىستانلىق، بازار ۋە ئۇيغۇرلار ئۇچۇن كۇلتۇرەل ئەھمىيەتكە ئىگە باشقا ئورۇنلارنى ۋەيران قىلدى. ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ مەنىۋى مەركىزى بولۇپ كەلگەن قەشقەر ئالاھىدە زەربىگە ئۇچرىدى. 2020-يىلىغا بارغاندا، قەشقەرنىڭ كونا شەھىرى ئاساسىي جەھەتتىن چېقىۋېتىلدى، ھەقىقىي كۇلتۇرەل ئامىللىرىدىن مەھرۇم قىلىندى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولمىش، ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ياساپ چىقىلغان مەنزىرىلەر يارىتىلدى. دائىرىلەر بۇنىڭ بىخەتەرلىك ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر ئۇيغۇر كۇلتۇرىغا كەڭ كۆلەمدە زەربە بېرىش ئارقا كۆرۈنۈشىدە بۇ باھانىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قاراشتى.



ئۇيغۇر مەكتەپ بالىلىرى، سۈرەت 1998-يىلى تارتىلغان

«مەن ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمدا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك جىددىيلىك ۋە بىئاراملىق بار ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە، ماڭا ئىككى ئۇيغۇر يىگىت ھەمراھ بولغانىدى، ئۇلار مېنى ۋە ئاپپاراتىمنى ئاۋارىچىلىقتىن ساقلاشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. مېنىڭ تىبەتتىكى مول تەجرىبىلىرىم قەشقەردە قانداق قىلىپ ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىش توغرىسىدا ياخشى تەجرىبە بولغانىدى. 1998-يىلى، ھەممە يەردە ئېگىز، ئەينەكلىك ئىمارەتلەر سېلىنغانىدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىلدا تۆمۈر يول قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ئۆز جەمئىيىتىنىڭ چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىدىن چوڭقۇر ئەندىشىلەنمەكتە ئىدى.»



ۋەيران قىلىۋېتىلىشتىن ئاۋۋالقى قەشقەر كونا شەھىرى، سۈرەت 1998-يىلى تارتىلغان

«ئۇيغۇرلار: ئاپەتتىن ئىلگىرى قەشقەر»گە، بۇبىرسكى تارتقان سۈرەتلەرگە قەشقەرلىك شائىر ۋە پائالىيەتچى تاھىر ھامۇت ئىزگىلنىڭ نەسر ۋە شېئىرلىرى، شۇنداقلا درۇ گىلادنىينىڭ (Dru Gladney) تارىخىي ماقالىسى قىستۇرۇلغان بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنى چۈشىنىش جەھەتتە تېرەنلىك ۋە ئىزاھات بىلەن تەمىنلەيتتى. ئەسەردىكى تېكىستلەر ھەم ئېنگلىزچە، ھەم ئۇيغۇرچە بېرىلگەن.



قەشقەردىكى چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساش ۋە سېتىش دۇكىنى، سۈرەت 1998 ـ يىلى تارتىلغان

«مېنىڭچە كىتابتىكى بارلىق يازما مەزمۇنلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ناھايىتى مۇھىم. گەرچە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار (شەرقىي تۈركىستاندا ئىكەنلىكى سەۋەبلىك) كىتابنى سېتىۋالالمىسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى ياشاۋاتقان تۈركىيە، قازاقىستان قاتارلىق جايلاردا، ئېنگلىز تىلى ئىشلىتىدىغانلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. مېنىڭچە ئۇيغۇر تىلىنى كۆلتۈرەل ئېتىراپ قىلىش ۋە قوغداشنىڭ كىچىك بىر قىسمى سۈپىتىدە نامايەن قىلىش كېرەك.»



قەشقەر ھايۋانات بازىرىدىكى ئۇيغۇر بوۋاي، سۈرەت 1998-يىلى تارتىلغان



قەشقەر قۇش بازىرىدىكى ئۇيغۇرلار، سۈرەت 1998 ـ يىلى تارتىلغان

بۇبىرسكى بۇ سۈرەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان بىلەن قەشقەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھالىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەمدە خىتاينىڭ سىياسەتلىرىنىڭ جاھان ئەھلىنى زادى نېمىلەردىن مەھرۇم قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرەلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. يوقىتىلغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما بۇ مۇھىم خاتىرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدىكى ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ گۇۋاھچىلىرىدۇر. بۇبىرسكىنىڭ كىتابى قالتىس سەنئەت ۋە ۋىجدان ئەسىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيۈملۈك شەھىرى قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى ھاياتى ۋە جەلپكارلىقىنى ساقلاپ كەلگەن بىر دەۋرنى نامايەن قىلىدۇ.



قەشقەر خەلق مەيدانى ۋە ئۇيغۇر بالا، سۈرەت 1998ـ يىلى تارتىلغان

«مەن كۆرۈرمەنلەرنىڭ بۇ سۈرەتلەر ئارقىلىق قەدىمىي شەھەر چېقىلىشتىن بۇرۇن ھەمدە كۈلتۈرەل ۋە مەنىۋى ھاياتقا بۇ قەدەر ئېغىر چەكلىمە قويۇلۇشتىن ئىلگىرى قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تاھىر ۋە تەرجىمانىنىڭ ماقالىسىدە، ئۇلار سۈرەتلەرنى كۆرگەندە ھېس قىلغان كۈچلۈك سېغىنىش پۇرىقى بار. مەن بۇ سېغىنىش ياكى يوقىتىش ھېسسىياتىنى باشقىلارنىڭمۇ ھېس قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://thediplomat.com/2024/01/the-uyghurs-kashgar-before-the-catastrophe/



# قىتان دۆلىتىدە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر كۈلتۈرى

يۇسۇپجان ياسىن

# قىتان دۆلىتىدە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر كۇلتۇرى

يۈسۈپجان ياسىن
(تۈركچىدىن ھ.ئىبراھىم تەرجىمىسى)

قىتانلار (قارا خىتايلار) 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى موڭغۇل تاجاۋۇزىغىچە شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا زور كۈچكە ئىگە بولغان، شۇنداقلا تۈرك تارىخىغا كۈچلۈك جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتكەن قەۋم ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقا بۇ دەۋرلەردە قىتانلارنىڭ سىياسىي، ئەسكىرىي ۋە كۇلتۇرەل ھاياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان يۈكسىلىشلەر ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ماقالىدە قىتان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە يۈكسىلىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوينىغان رولى ۋە قىتان كۇلتۇرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا ئۇيغۇر كۇلتۇرىنىڭ تەسىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

«يېڭى تاڭنامە: شىمالىي تۈرۈكلەر تەزكىرىسى» ناملىق خىتايچە تارىخىي مەنبە خاراكتېرلىك ئەسەردە، تۇڭغۇسلاردىن كېلىپ چىققان، ئۇزۇن زامان سىيانپى تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغانلىقى تۈپەيلىدىن «سىيانپى» دەپ ئاتالغان قەۋمنىڭ «يۈ ۋېن» (宇文) دېگەن تارمىقىدىن كەلگەن بىر قەۋم، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە لياۋ خې ۋادىسىغا كۆچكەندىن كېيىن «قىتان» (契丹) دەپ ئاتالغان.(1) تارىخشۇناسلارنىڭ كۆپچىلىكى مىلادى 389-يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىققان «قىتان» كەلىمىسىنىڭ «ساپ تۆمۈر» ياكى «خەنجەر» مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.(2)

389-يىلى شىمالىي ۋېي دۆلىتىنىڭ، 479-يىلى ئاۋارلارنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن قىتانلار — سەككىز قەبىلىدىن تەركىپ تاپقان، ئاق ئاتنى توتېم قىلغان قەبىلىلەر بىرلىكى ھاسىل قىلغان.(3) بۇ خىل قەبىلىلەر بىرلىكىنى ئەسىرلەپ داۋام قىلغان قىتانلار مۇقان قاغان دەۋرىدە (553-572) كۆك تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن بولۇپ، «ئىركىن» ئۇنۋانى بېرىلگەن بىر باشچى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان.(4) كۆك تۈركلەر ئاجىزلاشقاندا قىتانلار تاڭ ئىمپىراتورلۇقىغا باغلانغان بولسىمۇ، پات-پات تاڭ دۆلىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. قاپاغان قاغان (691-716) دەۋرىدە قايتىدىن كۆك تۈرك دۆلىتىگە باش ئەگكەن قىتانلار، 765-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن. قىتانلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا بېقىندى بولۇشى 842-يىلىغا قەدەر داۋاملاشقان

بولۇپ، قىتانلار بۇ دەۋر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قوبىلىرىنى بېقىپ بېرىدىغان پادىچىلار ئىدى.(5) ئۇيغۇر دۆلىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن تۇدۇنلار قىتانلارنىڭ دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باج ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.(6) قىتانلار ئۇيغۇرلارغا بېقىندى بولغان بۇ دەۋرلەردە قىتانلارنىڭ قولىدا ئۇيغۇر قاغانى تەرىپىدىن بېرىلگەن تامغا بار بولۇپ، بۇ تامغىغا قىتانلارنىڭ باشچىلىرى ئىگە بولالايتتى ۋە ئۆز قەبىلىلىرىنى ئۇيغۇر قاغانىغا ۋاكالىتەن باشقۇراتتى. بۇ مەزگىللەردە، ئۇيغۇر خەلقىدىن بىر تۈركۈمى قىتانلار دىيارىغا كۆچمەن بولغان بولۇپ، قىتانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىتانلار ئۇيغۇرلاردىن دۆلەت تەشكىلاتى، قانۇن، تىل، يېزىق، دىن، سەنئەت، تىبابەت، مىمارلىق، زىرائەتچىلىك، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل ساھەلەردە بەك كۆپ ئىشلارنى ئۆگەنگەن. بۇ ۋەجىدىن، قىتانلار ئۇيغۇرلارغا ھەر قاچان چوڭقۇر ھۆرمەت ئىلكىدە مۇئامىلە قىلاتتى.(7) شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇرلار بىلەن قىتانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىلگىرىكى چاغلاردا ناھايىتى ياخشى بولغانلىقىغا قارىماي، ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، قىتانلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك، ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن تۇدۇنلارنى ئۆلتۈرگەن. قىتانلار ئۆلتۈرگەن تۇدۇنلارنىڭ سانى 800 دىن ئېشىپ كەتكەن.(8) خىتاي مەنبەلىرىدىن ئېرىشكەن مەلۇماتلىرىمىزغا كۆرە، تاڭ دۆلىتى مەخپىي پىلانلاش ۋە بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ قانلىق ۋەقەنى تۇغدۇرغان بولسىمۇ، بۇ ۋەقە قىتانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەربات قىلالمىغان. بۇ ۋەقەدىن كېيىنمۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ياخشى داۋاملاشقان بولۇپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار قىتانلارنىڭ دۆلىتىگە سىغىنغان. كېيىن، قىتان دۆلىتىگە سىغىنغان بۇ ئۇيغۇرلار قىتان ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئون يات قەبىلە ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان. لياۋ شىڭ زوڭنىڭ 34 قەبىلە ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان قەبىلە خىتايچە شۆ تې (薛特) دەپ خاتىرىلەنگەن.(9)

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۈچ ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشىغان قىتانلار ھەممىلا جەھەتتىن ئۇيغۇر كۈلتۈرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. ھەتتا «ئالتىنچى ئەسىردىلا قىتانلار ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىن كۆك تۈركلەر بىلەن ئومۇمەن ئوخشاش ھالەتكە كەلگەن.»(10) ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىغا ئائىت ئۇنۋانلارنى ۋە ھاكىمىيەت شەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان قىتانلار ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن سىياسىي بىلىملىرى سايىسىدە دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قىتانلارنىڭ قەبىلە بىرلىكىگە باش بولغان ۋە تۈركچە «تۆرە» ئۇنۋانى بېرىلگەن بىر قەبىلىنىڭ رەئىسى يالۇغ ئاباۋجى 907-يىلى ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ قىتان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان.(11) ئىلىم ساھەسىدە قىتان دۆلىتىنىڭ خان جەمەتىنى تەشكىل قىلغان يالۇغ جەمەتىنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىرى چىققىدىغان ياغلاقار جەمەتى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلىكى، شۇنداقلا يالۇغ نامى «ياغلاقار» نامىنىڭ باشقا شەكىلدە ئاتىلىشى، دەپ قارالغان.(12) خىتايچە يې لۈ (耶律) دەپ يېزىلىدىغان بۇ نامنىڭ «ئىللە» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارمۇ بار. ئەلۋەتتە، بۇلار كۈنىمىزدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولغان ھالقىلاردىن بىرى. يالۇغ جەمەتى بىلەن

ئۇيغۇرلارنىڭ شۇلۇغ جەمەتى ئارىسىدا قۇدا ـ بادىچىلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىمپراتورلارنىڭ ئانىسى كۆپىنچە شۇلۇگ جەمەتىدىن كېلىپ چىققان.(13) خىتايچە تارىخىي مەنبەلەردىن «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» ۋە «لياۋ دۆلىتى تارىخى» ناملىق ئەسەرلەردىن مەلۇم بولىشىچە، شۇلۇگ جەمەتىدە يېتىشكەنلەر قىتان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، ئەسكىرىي سەپەرلەردە ۋە ھاكىمىيەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشىدە ۋە كۇلتۇرەل جەھەتتە يۈكسىلىشىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن. دېمەك، قىتان دۆلىتىنىڭ ئاساسى ئۇلارنىڭ شۇلۇگ جەمەتى بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىدىن كېيىن سېلىنغان. شۇنداقلا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن كېلىپ چىققان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قىتانلارنىڭ سارىيىدا، دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋە ئەسكىرىي تەشكىلاتىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «لياۋ دۆلىتى تارىخى، داۋ زوڭ تەزكىرىسى» دە، 1163 ـ يىلى قىتان دۆلىتىدە ھەر قايسى مەنسەپلەردە خىزمەت قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 300 دىن ئاشقان.(14) قىتانلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا تۈركلەرگە ئائىت بولغان قاغان، خاتۇن، تېكىن، ئىركىن، ئۆگە، تاركان، ئېلتەبىر، سانغۇن، تارىم، بىرۇك قاتارلىق ئۇنۋانلارنىڭمۇ ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇمدۇر. قاغان تۇرىدىغان ساراي تۈركچە «ئوردا» دېيىلگىنىدەك(16)، شىمالدا ياكى غەربتە بىنا قىلىنغان ئىككى قىتان سارىيىمۇ تۈركلەردىن ئۆرنەك ئېلىنغان.(16) بۇلار تەبىئىي رەۋىشتە قىتان دۆلىتىنىڭ بىر تۈرك دۆلىتىدەك يول تۇتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قىتان دۆلىتىنىڭ ئۇزۇن زامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئۇيغۇرلار مۇھىم رول ئوينىغان.

قىتان دۆلىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۆزى چىققان ئىكەن، ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ شۇلۇگ جەمەتىدىن سۆز ئېچىش كېرەك بولىدۇ. خىتاينىڭ ئەنئەنىۋىي تىياتىرى ۋە خەلق ھېكايىسى ھېسابلانغان «ياڭ ئائىلىسىنىڭ قەھرىمانلىرى» ناملىق ئەسەردە «شياۋ» فامىلىلىك بىر ئايال مەۋجۇت. تارىختا «چېڭ تيەن خاتۇن» دەپ بىلىنگەن بۇ خانىش ۋە ئوغلى لياۋ شېڭ سوڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرىدە (083 ـ 1031)، قىتان دۆلىتى ئەڭ كۈچەيگەن دەۋرلەر ئىدى. قىتان دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 200 يىلدىن ئارتۇق زاماندا بۇ خاتۇنغا ئوخشاش دۆلەتنىڭ بارچە ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتقان ئۈچ خاتۇن بار ئىدى. بۇلار يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان چېڭ تيەن، چۈن چىن ۋە چىن ئەي خاتۇنلاردىن ئىبارەت. «شياۋ» فامىلىسىنى قوللانغان بۇ خاتۇنلار قىتان ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى.(17) بۇ جەھەتتە خىتاي يىلنامىلىرىدىكى «لياۋ تارىخى خاتۇنلار تەرجىمھالى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «تەيسۇنىڭ خاتۇنى چۈن چىن شۇلۇگ جەمەتىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ ئەجدادى نوشىن دېگەن ئۇيغۇر ئىدى.» «لياۋ دۆلىتى تارىخى يىراق تۇغقانلار تىزىملىكى» دە «شۇلۇگ ئەسلى ئۇيغۇرلاردىن بولغان نوشىن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ نەۋرىسىدۇر» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي مەنبەلىرىدە نوشىن ياشىغان زېمىن ۋە شۇلۇگ خاتۇنىنىڭ جەمەت شەجەرىسى بىرمۇ ـ بىر بايان قىلىنغان.(18) بۇنىڭغا بىنائەن، 878 ـ يىلى تۇغۇلغان شۇلۇگ بەلكىم قىتانلار دىيارىغا تۇدۇن بولۇپ ئەۋەتىلگەن نوشىن ئىسىملىك بىر دۆلەت خادىمىنىڭ نەۋرىسى بولۇشى مۇمكىن.(19)

بۇ مەنبەلەردىن ئوچۇق رەۋىشتە كۆرۈلگىنىدەك، شۇلۇگ ياكى چۇن چىن، ئۇيغۇر دۆلىتى دەۋرىدە مۇھىم مەرتىۋە ئېگىسى بولغان، ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىنمۇ قىتانلار ئارىسىدىكى نوپۇزىنى ئۇزۇن زامانلار ساقلاپ قالغان نەسەبلىك بىر ئائىلىدىن كەلگەن. نوپۇزى ئارقىلىق قىتانلارنىڭ ئىدارىي ۋە ئەسكەرىي ھاياتىغا يېتەكچىلىك قىلغان شۇلۇگ ئائىلىسىگە ھۆكۈمدار يالۇغ دې گۇاڭ تەرىپىدىن «شياۋ» فامىلىسى بېرىلگەن. قىتانلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان يالۇغ ئائىلىسى ئىلگىرى بالى ۋە يىش نەسەبىدىن كەلگەنلەر بىلەن ئۆيلىنەتتى. كېيىن، يالۇغ ئاباۋجىنىڭ شۇلۇگ خاتۇن بىلەن ئۆيلىنىشىدىن كېيىن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىگە يېڭى بىر ئائىلە قېتىلغان. 947 ـ يىلدىن كېيىن «شياۋ» فامىلىسى شۇلۇگ فامىلىسىنىڭ ئورنىنى ئالغان. بۇنىڭ بىلەن، قىتان تارىخىدا بالى، يىش ۋە شۇلۇگ ئائىلىسى «شياۋلۇلار» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل ئاتاش ئەنئەنە ھالىغا كەلگەن.(20)

ئۇيغۇر نەسلىدىن كەلگەن شۇلۇگ ئائىلىسىگە مەنسۇپ شەخسلەرنىڭ قىتان تارىخىدا ئوينىغان مۇھىم رولى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى تارىخىي مەنبەلەردە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا كۆرە، 14 يېشىدا يالۇغ ئاباۋجى بىلەن توي قىلغان شۇلۇگ خاتۇن ئوتتۇرىغا قويغان پىلانلار قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى قىتان دۆلىتى دۇچ كەلگەن ئېغىر قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەل قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. سەككىز قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان بولۇشىغا قارىماستىن كۈچلۈك دۆلەت بەرپا قىلىش يولىغا قاراپ ماڭالمىغان قىتانلار ئارىسىدا، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۆرە قەبىلىسى تېز سۈرئەت بىلەن كۈچىيىشكە باشلىغان. تۆرە قەبىلىسىگە باش بولغان يالۇغ ئاباۋجى 10 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا سانى 400 مىڭغا يەتكەن قوشۇن بەرپا قىلىش ئارقىلىق قىتانلارنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاشقا مۇيەسسەر بولغان. بىراق باشقا يەتتە قەبىلە ئاباۋجىغا قارشى بىرلەشكەن. ئاباۋجى بۇ ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئۆزىگە قارشى ھۇجۇملىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىشىغا قارىماستىن، ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان ھۇجۇملىرىنىڭ قارشىسىدا چارىسىز قالغان ۋە بۇ ئىتتىپاقداش دۈشمەنىنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنداق بىر جىددىي ۋەزىيەتتە شۇلۇگ خاتۇن تەرىپىدىن قىلىنغان «تۇز زىياپىتى» نامىدىكى بىر مۇراسىم سايىسىدە، ئاباۋجى ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرنىڭ كۈچىنى يوق قىلغان.(21) بۇ ھادىسە 915 ـ يىلى يۈز بەرگەن. بۇ تەرىقىدە ئاباۋجى ئاخىرقى توسالغۇلارنى يوق قىلىپ، كېيىنكى يىلى خانبالىق شەھىرىدە قىتان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاباۋجى شۇلۇگ جەمەتىدىن كەلگەنلەرگە دۆلەت ئىدارىسىدە مۇھىم ۋەزىپىلەر بەرگەن. بۇ جەھەتتە ج. خولمگرەن مۇنداق دېگەن: «قىتان قەبىلىلىرىنىڭ باشچىلىق ئورنىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى ئۈچۈن لياۋ دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى تەي سۇ (907 ـ 926) قوللانغان مۇھىم تەدبىرلەردىن بىرى ئۇيغۇر خاتۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچلەندۈرۈش بولغان. لياۋ تەيسۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شياۋ جەمەتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز قەبىلىسى ۋە باشقا قەبىلىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمدارلىق قىلىشنى ۋە ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. (22) چۈنكى، دۆلەت چېگرالىرىنىڭ كېڭىيىشىمۇ شۇلۇگ جەمەتىدىن كەلگەن ئەسكىرىي شەخسلەرنىڭ

قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان. 921 ـ يىلى ئاباۋجى ئىدارىي ۋە ئەسكىرىي ئورگانلارنى يېڭىدىن بەلگىلىگەندە، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ساراي تەشكىل قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىدارىسىنى بۇ ئىككى سارايغا باغلىغان. شىمالىي سارايىنىڭ ۋەزىرلىك ئورنىنى شۇلۇگ جەمەتىگە بەرگەن. شىمالىي ساراي دۆلەتنىڭ شىمالىي رايونىدا ياشايدىغان بەش قەبىلىنى ئىدارە قىلاتتى. جەنۇبىي سارايىنىڭ ۋەزىرلىك ماقامى بولسا ئاباۋجىنىڭ كىچىك ئىنىسى سۇنىگە بېرىلگەن. بۇ ساراي جەنۇبىي رايونلاردا ياشايدىغان ئۈچ قەبىلىنى ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل بولغان. ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىنغان باشقا قەبىلىلەر بولسا سەككىز قەبىلە بىلەن بىر قاتاردا باشقۇرۇلغان.

ئىنتايىن ئەقىللىق ئايال ھېسابلانغان شۇلۇگ خاتۇن دۆلەتنىڭ ئىدارىسىدە ۋە ئۇرۇشلاردا ئېرىگە ئوخشاش مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن خەن يەن ۋېي ئىسىملىك خىتاي يالۇغ ئاباۋجىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان. ئۇ ئۆزى تالLIغان 20 مىڭ كىشىلىك ئالاھىدە قوشۇن سانى 30 مىڭدىن ئارتۇق بولغان پىشى قىسمى بىلەن بىرلىكتە ئاۋانگارت ئەسكىرىي بىرلىكلەر تەشكىللىگەن، شۇنداقلا خاسسا قوشۇنى شۇلۇگ خاتۇننىڭ بىۋاستە قوماندانلىقى ئاستىدا بولغان.(24) ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازىنىش ئارقىلىق يارامLIق قوماندان بولۇپ يېتىشىپ چىققان شۇلۇگ خاتۇن يالۇغ ئاباۋجى غەرپتە تاڭغۇتلارغا قارشى قوشۇن تارتقان پەيتلەردە ئوردا قورۇقچىسى بولغان. دەل مۇشۇ پەيتتە ئوردىغا ھۇجۇم قىلغان ئىككى دۈشمەن قەبىلىنى ئېغىر مەغلۇپ قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلق ئارىسىدا كاتتا شەرەپ قازانغان. بۇ سەۋەبلىك، خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇنىڭ ئىدارىي ۋە ئەسكىرىي قابىلىيەتلىرى ناھايىتى گۈزەل شەكىلدە تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن «دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ناملىق ئەسەردە «شۇلۇگ خاتۇن بەكمۇ جاسارەتلىك، غايىسىدىن يانمايدىغان ۋە پىلان ـ لايىھەگە ئۇستا ئايال ئىدى. ئاباۋجى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ھەربىي يۈرۈش قىلىش جەھەتلەردە ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى» دېيىلگەن. «لياۋ دۆلىتى تارىخى: جۇغراپىيە تەزكىرىسى» ناملىق ئەسەردە «تەي سۇننىڭ ھەممە تەرەپنى ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىپ، بوخەيلەرنى تىنجىتىشتا شۇلۇگ خاتۇن كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن» دېيىلگەن. يالۇغ ئاباۋجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزى خالىغان شاھزادىلەرنى تەختكە چىقىرىش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان شۇلۇگ خاتۇن «ۋالىدە سۇلتان» كىملىكى بىلەن ئىدارىي ۋە ئەسكىرىي ئىشلەردا ناھايىتى توغرا قارارلارنى چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىغان. تەختكە چىققان يېڭى خانمۇ ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنغان. 926 ـ يىلىدىن كېيىن قىتان دۆلىتىنىڭ بىردىنبىر ھۆكۈمدارى ھالىتىگە كەلگەن شۇلۇگ خاتۇن، 953 ـ يىلى 75 يېشىدا ۋاپات بولغان.

يۇقىرىقىدا بايان قىلىنغىنىدەك، شۇلۇگ خاتۇننىڭ قېرىنداشلىرىدىن تىلۇ ۋە ئاگۇچىمۇ تۆرە قەبىلىسىنىڭ كۈچىيىشىدە، قىتان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئاباۋجى چىققان بارچە سەپەرلەرگە بىللە چىققان تىلۇ ۋە ئاگۇچى ئۇرۇش مەيدانىدا قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزەتتى. باشقا قوماندانلارغا قارىغاندا بۇ ئىككىسىنىڭ كۆرسەتكەن ئەسكىرىي غەلىبىلىرى ۋە تۆھپىلىرى تېخىمۇ چوڭ ئىدى. ئاباۋجىنىڭ بارچە ۋەزىرلەر ئارىسىدا تىلۇ «كۈچلۈك بىلەك» لەقىمى بىلەن ئاتىلاتتى.

ئاگوُچى بولسا «قەھرىمان، جاسارەتلىك ۋە مەرگەن قوماندان» دەپ تەرىپلىنەتتى.(25) بۇ سەۋەبلىك، ئۇلار تەرتىپ بويىچە شىمالىي سارايىنىڭ ۋەزىرلىك ماقامىغا چىققان. قىتان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشىدىن ۋەيران بولۇشىغىچە بولغان مۇددەتتە پەقەتلا ئاگوُچىنىڭ ئەۋلادىدىن 17 كىشىنىڭ شىمالىي سارايدا باش ۋەزىرلىك ماقامىغا ئۆتكەن ۋە ئۇمۇمىي ۋەزىر سانىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلغان.(26) بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاگوُچىنىڭ بەشىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى شياۋ شياۋ مۇ ھەققىدە مەلۇمات بېرىشىمىز زۆرۈر. نۇرغۇن قېتىم ھەربىي يۈرۈش ئۇيۇشتۇرغان ۋە قولغا كەلتۈرگەن بۈيۈك غەلىبىلەر سەۋەبلىك شۆھرەت قازانغان شياۋ شياۋ مۇ دۆلەتنىڭ نوپۇسىنى ئېنىقلىغۇزۇپ، ھاشار ۋە باج سېستىمىسىنى بەرپا قىلغان. شياۋ شياۋ مۇ خەلقنىڭ تىنىچ ۋە ھۇزۇرلۇق ھايات كەچۈرۈشىنى روياپقا چىقارغان، شۇنداقلا جەنۇب (خىتاي) بىلەن شىمال (قىتانلار) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا «دۆلەتنىڭ ئالتۇن ۋەزىرى» ئۇنۋانى بېرىلگەن.(27)

بۇنىڭدىن سىرت، مۇشاۋىر، بىلگە خان، دىۋان بېگى، ۋالىي، قوماندان قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئۇيغۇرلارمۇ بولغان. بۇ ھوقۇقدار ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى قىتان دۆلىتى مۇنقەرز بولغانغا قەدەر ئوخشاش ماقامدا داۋام قىلغان. ئۇزۇن زاماندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن نوپۇزى بىلەن بىرگە، سىياسىي ۋە ئەسكىرىي ئىستىبداتلىرى سەۋەبلىك يالوُغ ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە دۆلەت ئىدارە قىلىش نوپۇزىغا ئىگە بولغان شۆلۈگ جەمەتىنىڭ بۈيۈك بىر ئائىلە ئىكەنلىكى توغرىسىدا خىتاي مەنبەلىرىدىن (新五代史) مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز. تەي سۇڭ «خاتۇنىنىڭ نەسەبى قەدىمىي بىر دەرەخنىڭ يىلتىزىدەك چوڭقۇردۇر، ئۇنىڭغا تېگىش قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن. قىتان دۆلىتىدە فامىلىسى «شياۋ» غا ئۆزگەرتىلگەن ئۈچ ئائىلە ئىچىدە، شۆلۈگ ئائىلىسى باش كۆتۈرۈپ، ئۈستۈن نوپۇزغا ئېرىشكەن. «لياۋ دۆلىتى تارىخى، خاتۇنلار تەزكىرىسى» دە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئون خاتۇنىنىڭ ئىچىدە توققۇزىنىڭ شۆلۈگ جەمەتىدىن كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ خاتۇنلارنىڭ ئىچىدە زەكىي ۋە ئەسكىرىي بىلىمى ئۈستۈن چېڭ تيەن خاتۇن چېڭ سوڭ خاقانغا ۋاكالەتەن 27 يىل دۆلەت ئىدارىسىنى قولىدا تۇتقان. ئۇرۇشلاردا ئالدىنقى سەپلەردە ئورۇن ئالغان خاتۇن خىتايلارنى ئۆرنەك ئېلىپ ئىدارىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن نۇرغۇنلىغان ئىسلاھاتلار ئېلىپ بارغان. خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇ «ئىنتايىن ئەقىللىق، ماھىر ئىستراتېگىيىچى، ئىنسانلاردىن پايدىلىنىشنى ياخشى بىلىدىغان ۋە كىشىلەرگە پىداكار مۇئامىلە قىلىدىغان خاتۇن» دەپ تەرىپلەنگەن. خولمگرەن شۆلۈگ خاتۇن ۋە چېڭ تيەن خاتۇن توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:«تەي سۇڭنىڭ ئۇيغۇر نەسلىدىن كەلگەن خوتۇنى يىڭ تيەن، بەشىنچى قاغان چېڭ سوڭنىڭ ئۇيغۇر خاتۇنى چېڭ تيەن قاتارلىق ئىككى خاتۇن قىتان دۆلىتىدە ئىنتايىن يۇقىرى ھوقۇق-مەنسەپكە ئىگە ھېسابلىناتتى. قىتان دۆلىتى خان جەمەتىگە باغلىق 12 ئوردىنىڭ ئىككىسى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىدى. ئۇيغۇر خاتۇنلار ئەسكىرىي يۈرۈشلەردە كۆپ قېتىم كۈچ كۆرسەتكەن. بۇ خىل ئەھۋال خىتايدا ھۆكۈم سۈرگەن ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ تارىخىدا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس.»(28) «لياۋ دۆلىتى تارىخى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «قىتان دۆلىتىدە يالوُغ

ئائىلىسى بىلەن شۇلۇگ ئائىلىسىنىڭ كۈچى تەڭداش ھالەتكە كەلگەن ۋە ئىككى ئائىلە ئۆزئارا كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورناتقان. مەزكۇر ئىككى قىتان قاغان بۇ ئىككى ئۇيغۇر خاتۇنلار بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنى ئىدارە قىلغان.»(29) بۇ يەردە ئوچۇق بىر شەكىلدە بايان قىلىنغىنىدەك، قىتان دۆلىتى ئەڭ كۈچەيگەن چاغلاردا شەرقتە كورىيەدىن غەربتە ئالتاي ۋە تەڭرى تېغىغىچە، شىمالدا ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەريا ۋادىسىغىچە، جەنۇبتا سېرىق دەرياغىچە كېڭەيگەن، ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىققان يالۇغ ۋە شۇلۇگ ئائىلىسى تەرىپىدىن ئورتاق ئىدارە قىلىنغان بىر دۆلەت دەپ قارىلىدۇ.

قىتانلارنىڭ ئىچ ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر دۆلىتى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتلەردە بولغانلىقى توغرۇلۇق خىتاي مەنبەلىرىدە بەزى مەلۇماتلار مەۋجۇت. خىتاي مەنبەلىرىگە كۆرە، 1008، 1010، 1026 يىللىرىدا كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتىگە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلغان قىتانلار بىلەن ئىچ ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈرەل مۇناسىۋەتلەر ياخشى راۋاجلانغان. قىتان دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە ساياھەت قىلغان بىر خىتاي، شەھەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ خىتاينىڭ بايانىغا كۆرە، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى تىجارەت ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدىغان.(30) دىققەت تارتىدىغان بىر نۇقتا باركى، ئىچ ئاسىيادىن قىتان دۆلىتى پايتەختى شاڭ جىڭغا بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر يەرلەشكەن بىر رايونمۇ شەكىللەنگەن. ئۇ دەۋردە «ئۇيغۇرلار مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان بۇ رايون شاڭ جىڭنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلەتتى. بۇ مەھەللىگە يەرلەشكەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئىچ ئاسىيادىن يېمىش، قەھرىۋا، ئۈنچە، خۇشپۇراق بۇيۇملىرى، ئامونىياك، پاختا ۋە يۇڭدىن توقۇلغان تۈرلۈك ماللار ۋە مەلۇم دەرىجىدە قورال-ياراقلار ئېلىپ كېلەتتى.(31) دەل بۇ دەۋردە مېۋىچىلىك ۋە زىرائەتچىلىكنى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن قىتانلار كېيىن شىمالىي پايتەخت ئەتراپىدا تاۋۇز تېرىشقا باشلىغان.(32) بۇنىڭدىن سىرت، قىتانلار ئۆزى تېرىغان پۇرچاققا «ئۇيغۇر پۇرچىقى» دەپ ئىسىم قويغان.(33)

ئۇيغۇر خاتۇنلار قىتانلارغا دۆلەت ئىدارىسىدىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، كۈلتۈر ساھەسىدىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئاساسى ئۇيغۇر يېزىقىغا تايانغان ۋە «سانى ئاز، مۇكەممەل ھەرپلىك يېزىق» دەپ تەرىپلەنگەن «قىتان كىچىك يېزىقى»نىڭ قوللىنىلىشقا باشلىنىشىدا قىتان دۆلىتىدە يۇقىرى شۆھرەت قازانغان بىر ئۇيغۇر كىشى رول ئوينىغان. ئۇ ئىدارى ۋە كۈلتۈرەل جەھەتتىن قىتان دۆلىتىدە نۇرغۇن ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان. دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردىن ئېتىبارەن ئىشقا كىرىشكەن بارلىق ھاكىمىيەت شەكىللىرىنى ئومۇمەن ئۆزگەرتكەن چىڭ ئەي كۇڭزىچىلىق، بۇددىزىم، تاۋچىلىق قاتارلىق دىنلارنىڭ دۆلەتتە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشى ۋە تەڭداش مۇئامىلە كۆرۈشى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، پەقەتلا بۇددىزىمغا ئېتىقاد قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. بۇنىڭ بىلەن، بۇددىزىم قىسقا بىر زاماندا قىتان دۆلىتىدە ھاكىم دىن ئورنىغا كەلگەن.(34) يالۇغ خوڭ جىنىڭ (1055 ـ 1101) خاتۇنى شياۋ گۇەن يىن ناتىق، سەنئەتچى ۋە مۇزىكانت سۈپىتىدە نام قازانغان. ئۇنىڭ خىتايچە يازغان ئەسەرلىرىدىن

«كۆڭۈل هويلىسىغا قايتىش»، «ئۆتمۈشنى خاتىرىلەش» ۋە «قولدىن كەتكەن نام» ئىسىملىك ئۈچ شېئىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. يالۇغ يەن شىغا (1101ـ1125) ياتلىق بولغان ۋە سىياسىي، تارىخىي، ئەدەبىيات بىلىملىرىگە پىششىق بولغان شياۋ شې شىنىڭ خىتايچە يازغان «ھەجۋىيات» ۋە «تارىخ مەدھىيىسى» ناملىق ئىككى شېئىرىدا سىياسىي تەنقىدلەرگە ئورۇن بېرىلگەن.(35)

ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان ۋە بىر قانچە ئەۋلاد كېيىن خىتايلىشىپ راۋۇرۇس ئاجىزلاشقان قىتانلار مانجۇرىيەدىكى جۇرجىتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان.(36) 1125ـيىلى دۆلىتى يىقىلغان قىتانلارنىڭ كۆپ قىسمى جۇرجىتلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىغا كىرگەن. بۇ يىللاردىن كېيىن جۇرجىتلار ئارىسىدا ياشىغان، خىتايچە يىلاشى (移 喇氏) دەپ ئاتالغان يالۇغ ئائىلىسى 14ـئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا خىتاينىڭ شىمالىدا بۈيۈك بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان مانجۇ قەۋمىنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. كۈنىمىزدە مانجۇلار ۋە شىۋەلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان يىلاشى ۋە يى لا لى شى (伊拉里氏) جەمەتلىرى يالۇغ ئائىلىسىنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرى دەپ قارىلىدۇ. قىتان دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن خان جەمەتىدىن كەلگەن يالۇغ تاشىن بىر قىسىم قىتانلارنى ئېلىپ غەرپكە كۆچكەن. تارىختا بۇلار «قارا خىتاي» (قارا قىتان) دەپ ئاتالغان. قارا خىتايلار دەسلەپتە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ئىمىلدا بارگاھ قۇرۇپ، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈۋالغان يالۇغ تاشىن 1133ـيىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن شەھىرىگە باستۇرۇپ كىلىپ، شەھەرنى قولغا چۈشۈرۈپ قارا خىتاي دۆلىتىنى قۇرغان. كېيىن، قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتىگە، 1141 يىلىدىن كېيىن خارەزىمشاھلارغا ۋە قاراخانىيلارغا تەھدىت سالغان قارا خىتايلارنىڭ ئوردىسىدا ۋە دۆلەت تەشكىلاتىدا قانچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئورۇن ئالغانلىقى ھەققىدە قولىمىزدا مەلۇمات يوق. تارىخىي مەنبەلەردە پەقەتلا «قارا ئىغاچ بۇيرۇق» ھەققىدە مەلۇمات بار. دەسلەپكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار دۆلىتىدە داۋاـدەستۇر ئىشلىرىدا ھۆكۈم بېرىدىغان ئەمەلدار بولغان قارا ئىغاچ بۇيرۇق، گۇرخاننىڭ دەۋتى بىلەن قارا خىتاي دۆلەت سارىيىدا ھۆكۈمدارلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان.(37) 1218ـيىلى مۇڭغۇللار قارا خىتايلار دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. 1220ـيىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن ۋۇ گۇ سۈننىڭ (乌古孙) مەلۇماتىغا كۆرە، ئۇ زامانلاردا قارا خىتايلاردىن بەك ئاز كىشى قالغان. قارا خىتايلاردىن قېلىپ قالغان بۇ ئاز سانلىق كىشىلەر ئۇيغۇر ئۆرپـئادەتلىرىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى كىيىشكە ئادەتلەنگەن.(38) ئاقىۋەتتە، دەسلەپتە موغولىستاندا، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بۈيۈك تارىخىي ۋەقەلەرگە شاھىد بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرچە كىيىنىش يولىنى تۇتقان قىتانلار 13ـئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئۇيغۇرلارغا ئاسمىلاتسىيە بولۇپ تۈگىگەن.

نەقىل مەنبەلىرى:

1. 宋祁、欧阳修:《新唐书》, 卷二一九,《北狄传》, 第6167 页、中华书局标点本、1975、北京. (Song-chi, Ou-Yang-xiu, Tang İmparatorluğunun Yeni Tarihi, C. 219, ‘‘Kuzey Türkler Monografi- si’’, s. 6167, 1975, Pekin, Zhong- Hua Kitapçılık Bürosu.)

2. 江应梁 主编 《中国民族史》(中), 第303 页, 1990 年, 北京, 民族出版社(Zhang- Ying –Lang, Çin'deki Milletler Tarihi,II, s. 303, 1990, Pekin, Milletler Yay.). Anver Baytur, Şincang'diki Millet- lerning Tarihi, s. 721, 1991, Bei- jing, Milletler Neşriyati.
3.Fan –Wen-Lian, Zhong-guo Omumi Tarihi, VI , s. 3, 1999, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyati.
4.宋祁、欧阳修:《新唐书》, 卷二一九,《北狄传》, 第6167 页 , 中华书局标点本, 1975, 北京. (Song-chi, Ou-Yang-xiu, Tang İmparatorluğunun Yeni Tarihi, C. 219, ''Kuzey Türkler Monografisi'', s. 6167, 1975, Pekin, Zhong -Hua Kitapçılık Bürosu).
5. Özkan İzgi, Uygurların Siyasi ve Kültürel Tarihi, s. 47. 1987, Ankara Üniversitesi Basımevi. 林斡,《中国古代北方民族通论》, 第 132页, 1998年, 内蒙古人民出版社(Lin-Gan, Eski Çin'deki Şimali Milletler hakkında Genel Düşünceler, s. 132, 1998, Hohhot, İç Moğolistan Halk Neşriyati).
6. 司马光 :《资治通签》, 卷 二四六, 第7967页, 1963年, 北京, 中华书局(Si-Ma-Guang, Devlet Yönetimine Faydalı Umumi Örnekler, C. 246, s. 7967, 1963, Pekin, Zhong-Hua Kitapçılık Bürosu). 杨圣敏 校注《资治通签突厥回纥史料校注》, 第288页, 1992年, 天津古籍出版社(Yang-Sheng –Men Mu- kayese ederek yayına hazırlayan Devlet Yönetimine Faydalı Umumi Örnekler'deki Göktürk ve Uygur Tarihine Ait Tarihi Kayıtların Mukayesesi ve İzahlar, s. 288, 1992, Tian -Zhin Eski Eserler Yayınevi).
7. B. Ögel, Türk Kültürünün Gelişme Çağlarıl, s. 115, 1971, İstanbul, Milli Eğitim Basımevi.
8. Yang-Sheng-Min, Kedimki Uygurlar, s. 276, 1998, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyati.
9. 李桂乏:《辽金简史》, 第 45 页, 2000 年, 福州, 福建人民出版社. (Li- Gui-Fan, Liao ve Zhin Devletinin Kısaca Tarihi, s. 45, 2000, Fu-Zhou, Fu-Zhian Halk Yay.).
10 宋祁、欧阳修:《新唐书》,卷二一九《北狄契丹传》, 第 6167 页(Song-chi, Ou-Yang-Xiu, Tang İmparatorluğunun Yeni Tarihi, C. 219, ''Kuzey Türkler Monografisi'', s. 6167)
11 Enver Baytur, Şincang'diki Milletlerning Tarihi, s. 728, 1999, Bei -jing, Milletler Neşriyati,
12 Ahmet Sülayman, Orhun Uyğur Hanlikining Kiskiqe Tarihi, s. 246, 2005, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyati,
13 萧之行 :《回鹘后裔在辽朝共国任事》, 林斡校注 ,《突厥与回鹘历史论文集》, 第784 页, 1987年, 中华书局出版 ( Xiao –Zhi –Xing, ''Uygur Soyundan Gelenlerin Kitan Devletinin Kuruluşunda Yaptığı Katkılar'' , Lin- Gan yayına Hazırlayan Göktürk ve Uygur Tarihine Ait Makaleler Kitabı, s. 784, 1987, Pekin, Zhong-Hua Kitapçılık Bürosu) .
14 王日蔚:《契丹与回鹘关系考》, 林斡校注,《突厥与回鹘历史论文集》, 第989页(Wang- Ri- Wei, ''Kitanlar İle Uygurların Münasebeti Üzerine İncelemeler'', Lin- Gan, Haz. Göktürk ve Uygur Ta- rihine Ait Makaleler Kitabı, s. 989).
15 江应梁主编 :《中国民族史》(中), 第335 页(Zhang- Ying –Lang, Çin'deki Milletler TarihiII, s. 335).
16 扬富学:《回鹘文献与回鹘文化》, 第 442 页, 2003 年, 北京, 民族出版社(Yang- Fu-Xue, Uygur Vesikaları ve Uygur Kültürü, s. 442, 2003, Pekin, Milletler Yay.
17 箫之兴:《回鹘后羿在辽朝共国任事》, 林斡校注:《突厥与回鹘历史论文集》, 第783页(Xiao –Zhi –Xing, ''Uygur Soyundan Gelenlerin Kitan Devletinin Kuruluşunda Yaptığı Katkılar'' , Lin- Gan Haz. Göktürk ve Uygur Tarihine Ait Makaleler, s. 783).
18 脱脱等:《辽史》, 卷七一《后妃传》, 第 1199页, 卷三七《地理传》, 第446页, 中华书局标点本, 1974, 北京(Tuo-Tuo, Liao Devleti Tarihi, 71.cilt, ''Hatunlar Monografisi'', s.1199, 37.cilt, ''Coğraf- ya Monografası'', s. 446, 1974, Pekin, Zhong-Hua Kitapçılık Bürosu).
19 扬富学:《回鹘文献与回鹘文化》, 第 445 页(Yang- Fu-Xue, Uygur Vesikaları ve Uygur Kültürü, s. 445).

20 萧之兴:《回鹘后羿在辽朝共国任事》, 林幹校注:《突厥与回鹘历史论文集》第784页(Xiao –Zhi –Xing, ''Uygur Soyundan Gelenlerin Kitan Devletinin Kuruluşunda Yaptığı Katkılar'' , Lin- Gan haz. Göktürk ve Uygur Tarihine Ait Makaleler Kitabı, s. 784).

21 吕思勉:《中国民族史》, 第85 页, 1987 年, 中国大百科全书出版社, 上海(Lu-Si-Mian, Çin Milletleri Tarihi, s. 85, 1987, Pekin, Çin Ansiklopedi Yay.).

22 葛雾莲著, 扬富学译《榆林窟回鹘画像及萧氏对辽朝佛教艺术的影响》 ,《昭乌达蒙族师专学报》, 第16 卷1期, 1995年, 第5页( Ge-Wu-Lian, ''Yu-Lin Magarasındaki Uygur Resim ve Heykelleri ve Xiao Ailesinin Liao Devletinin Buddizm Sanatına Gösterdiği Etkiler''(Yang-Fu-Xue tarafından Çinceye çevirilmiş), Zhao -Wu-Da Moğol Pedagoji Koleji Bilimsel Dergisi, C. 16, S. 1, 1995, s. 5)

23 Fan-Wen-lian, age., s. 41-42.

24 Geyretcan Osman, Uygur Klassik Edebiyat Tarihi, s. 101, 2001, Ürümçi, Şin cang Halk Neşriyati.

25 萧之兴:《回鹘后羿在辽朝共国任事》, 林幹校注,《突厥与回鹘历史论文集》第784页(Xiao –Zhi –Xing, ''Uygur Soyundan Gelenlerin Kitan Devletinin Kuruluşunda Yaptığı Katkılar'' , Lin- Gan haz. Göktürk ve Uygur Tarihine Ait Makaleler Kitabı, s. 784).

26 李红侠:《两民族关系上看回鹘对契丹的影响》,《辽宁科技大学学报》、2001年, 第二期, 第74页 (Li-Hong-Xia, ''İki Kavmin İlişkilerinden Uygurların Kitanlara Gösterdiği Etkilere Bir Bakış'' , Liao-Ning Teknoloji Üniversitesi Bilimsel Dergisi, 2000, S. 2, s. 74.).

27 萧之兴:《回鹘后羿在辽朝共国任事》、林幹校注,《突厥与回鹘历史论文集》 , 第787页Xiao –Zhi –Xing, ''Uygur Soyundan Gelenlerin Kitan Devletinin Kuruluşunda Yaptığı Katkılar'' , Lin- Gan haz. Göktürk ve Uygur Tarihine Ait Makaleler Kitabı, s. 787).

28 雾莲:《榆林窟回鹘画像及萧氏对辽朝佛教艺术的影响》、《昭乌达蒙族师专学报》、第16卷1期, 1995年, 第5页 ( Ge-Wu-Lian, ''Yu-Lin Magarasındaki Uygur Resim ve Heykelleri ve Xiao Aile- sinin Liao Devletinin Buddizm Sanatına Gösterdiği Etkiler''(Yang-Fu-Xue tarafından Çinceye çevrilmiş), Zhao -Wu-Da Moğol Pedagoji Koleji Bilimsel Dergisi, C. 16, S. 1, 1995, s. 5).

29 脱脱等:《辽史》, 卷六七《外戚表》, 第1027 页(Tuo-Tuo, Liao Devleti Tarihi, C. 67, ''Uzak Akra-balar Monografisi'', s. 1027).

30 B. Ögel, age., s. 117

31 B. Ögel, age., s. 116, Liu-Zi-shiao, Uygur Tarihi, Uygurca, I, s. 232, 1986, Pekin, Milletler Neşri-yati, Lin –Gan, Gao-Zi-hu, Kedimki Uygurlar Tarihi, Uygurca, s. 275, 2000, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyati.

32 胡峤:《陷北记》, 叶隆礼:《契丹国志》, 卷二五, 第238页, 1985年,上海古籍出版社( Hu-Chıao, ''Kuzeyde Tutuklanış Hatıratı'', Ye- Long –Li, Kitan Devleti Monografisi, C. 25, 238, 1985, Shang- Hai, Eski Eserler Yay.).

33 洪皓: 《松漠纪闻》 卷下, 《辽海丛书》, 第一册, 第210页, 1985年, 辽沈书社(Hong-Hao, ''Bozkır-larda Duyduğum Şeyler -Devamı'', Liao Hai Mecmuası, I, s. 210, 1985, Liao-Shen Kitaçılığı ). 叶 隆礼:《契丹国志》, 卷二七, 第256页(Ye- Long –Li, Kitan Devleti Monografisi, 27.cilt, 256),

34 扬富学:《回鹘文献与回鹘文化》, 第 448 页(Yang-Fu-Xue, Uygur Vesikaları ve Uygur Kültürü, s. 448.)

35 Geyretcan Osman, age., s. 103-104.

36 Jean-Paul Roux, Türklerin tarihi (Fasifik'ten Akdeniz'e 2000 yıl), s. 168, 2004, İstanbul, Kabalcı Yay.

37 B. Ögel, Çingizhan'ın Türk müşavirleri, s. 69, 2002, Istanbul, İQ kültürsanat Yay.

38 V.V. Barthold, Yettesu Tarihi Oçerikliri, s. 68, 2000, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyati.

KAYNAKLAR

BARTHOLD, V.V. (2000), Yettesu Tarihi Oçerikliri, s. 68, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyatı.
BAYTUR, Anver (1991), Şincangdiki Milletlerning Tarihi, s. 721, Bei jing, Mil- letler Neşriyatı.
Fan –Wen-lian (1999), Zhong-Guo Omumi Tarihi, C. 6, s. 3, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyatı.
İZGİ, Özkan (1987), Uygurların Siyasi ve Kültürel Tarihi, s. 47. Ankara Ün. Basımevi.
Liu-Zi-Shao (1986), Uygur Tarihi, s. 232, Pekin, Milletler Neşriyatı.
Lin –Gan, Gao-Zi-hu, Kedimki Uygurlar Tarihi, s. 275, 2000, Ürümçi, Şincang
Halk Neşriyatı.
OSMAN, Geyretcan (2001), Uygur Klassik Edebiyat Tarihi, s. 101, Ürümçi, Şin cang Halk Neşriyatı.
ÖGEL, Bahattin (1971), Türk Kültürünün Gelişme Çağlarıl, s. 115, İstanbul, Milli Eğitim Basımevi.
ÖGEL, Bahattin (2002), Çingizhan'ın Türk Müşavirleri, s. 69, Istanbul, İQ Kül- türsanat Yay.
ROUX Jean-Paul (2004), Türklerin Tarihi (Fasifik'ten Akdeniz'e 2000 yıl), s. 168, Ankara, Kabalcı Yay.
SÜLAYMAN, Ahmet (2005), Orhun Uyğur Hanlikining Kiskiqe Tarihi, s. 246, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyatı.
Yang-Sheng-Min (1998), Kedimki Uygurlar, s. 276, Ürümçi, Şincang Halk Neşriyatı.
宋祁, 欧阳修：《新唐书》, 卷二一九,《北狄传》, 第6167 页, 中华书局标点本,1975, 北 京
江应梁 主编 《中国民族史》(中), 第303 页, 1990 年, 北京, 民族出版社. 林幹:《中国古代北方民族通论》, 第 132页, 1998年, 内蒙古人民出版社。 司马光：《资治通签》, 卷 二四六, 第7967页, 1963年, 北京, 中华书局.
杨圣敏校注《资治通签突厥回纥史料校注》, 第288页, 1992年, 天津古籍出版社.
TÜRKİYAT ARAŞTIRMALARI DERGİSİ ? 327 李桂乏:《辽金简史》, 第 45 页, 2000 年, 福州, 福建人民出版社.
王日蔚：《契丹与回鹘关系考》, 林幹校注,《突厥与回鹘历史论文集》, 第989页, 1987 年, 中华书局出版.
萧之行：《回鹘后裔在辽朝共国任事》, 林幹校注,《突厥与回鹘历史论文集》, 第784 页, 中华书局出版
扬富学：《回鹘文献与回鹘文化》, 第 442 页, 2003 年, 北京, 民族出版社.脱脱等：《辽史》、卷七一《后妃传》, 第 1199页, 卷三七《地理传》, 第446页, 中华书
局标点本, 1974, 北京.
吕思勉：《中国民族史》, 第85 页, 1987 年, 中国大百科全书出版社, 上海.
葛雾莲著,扬富学译《榆林窟回鹘画像及萧氏对辽朝佛教艺术的影响》、《昭乌达蒙族 师专学报》、第16 卷1期, 1995年第5页.
胡峤：《陷北记》, 叶隆礼:《契丹国志》, 卷二五, 第238页, 1985年, 上海古籍出版社.
洪皓: 《松漠纪闻》 卷下, 《辽海丛书》, 第一册, 第210页, 1985年, 辽沈书社.
李红侠:《两民族关系上看回鹘对契丹的影响》,《辽宁科技大学学报》, 2001年, 第二 期, 第74页.



# ماراكەش زىيارىتىدىن ئالغان بەزى تەسىراتلىرىم

دوختۇر مەمەت ئېمىن

# ماراكەش زىيارىتىدىن ئالغان بەزى تەسىراتلىرىم

دوختۇر مەمەتئىمىن

ماراكەش ئۇيغۇرلارغا ئۇنچە ناتونۇش بولمىغان بىر مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇپ، ئىدرىس ھەسەننىڭ بۇ دۆلەت تەرىپىدىن تۇتۇلۇشى ماراكەشنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تونۇشلۇقلۇق دەرىجىسىنى بىر پەللە يۇقۇرى كۆتەرگەن ئىدى. ئۇنداقتا بىز بۇ دۆلەت بىلەن قانچىلىك تونۇشىمىز؟

ئىنگلىزچىدە «Morocco» دەپ ئاتالغان بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى ئىسپانچىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىسپانلار بۇ دۆلەتنى ئۇنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى بولغان ماراكەشنىڭ نامى بىلەن «Marruecos» دەپ ئاتىغان ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ ئەرەپچە ئاتىلىشى «ئەلمەملەكەتىل مەغرىبىييە» (المملكة المغربية) بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى كۈن پېتىش ياكى غەرىپتىكى دۆلەت بولىدىكەن. (ئەرەپچە قىسقارتىلىپ مەغرىب <المغرب> دەپ ئاتىلىدۇ.) تۈركلەر ئۇنى فاس دەپ ئاتايدىكەن. («ماراكەش» — مەغرىب دېگەن بۇ دۆلەتنىڭ تۆتىنچى چوڭ شەھىرىنىڭ ئىسمى. ماراكەش دۆلىتى ئافرىقا قىتئەسىدىكى بەشىنچى چوڭ ئىقتىسادىي كۈچتۇر.ـت)

ماراكەشنىڭ پايتەختى رابات بولۇپ، ئۇ ماراكەشتە يەتتىنچى چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. نوپۇسى بىر مىلىيوندىن ئاشىدىكەن.

ماراكەشنىڭ نوپۇسى 37 مىليون بولۇپ، ئۇلارنىڭ 67 پىرسەنتى ئەرەپ، 31 پىرسەنتى بەربەرلەر ئىكەن. ماراكەشتا ئەرەپ، فىرانسۇز ۋە بەربەر تىلىنى (ئەمازىغ تىلىنى) قوللىنىدىكەن. دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋېۋسكىسىدا ئاساسەن يۇقىرىقى ئۈچ خىل يېزىق بار ئىكەن. ئىنگلىزچە ئىسىم قوللىنىدىغان يەرلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىكەن. كوچا ئىسىملىرى، سودا-سېتىق ئورۇنلىرىنىڭ ۋېۋسكىسى ۋە سودا ئېلانلىرى ئەرەپ تىلى بىلەن فىرانسۇز تىلىدا ئىكەن. ماراكەشلىكلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئاساسەن ئەرەپ، بەربەر، فىرانسۇز ۋە ئافرىقا مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئارلاشما مەدەنىيەت بولۇپ، باشقا ئەرەپ دۆلەتلىرىدىن پەرىقلىق ئىكەن.

ماراكەشتىكى ئەڭ چوڭ شەھەر كاسابالانكا (Casablanca) بولۇپ، نوپۇسى 4 مىلىيۇندىن ئاشىدىكەن. كاسابالانكا (Casablanca) شەھىرىدىكى ئەڭ موھىم قۇرۇلۇشنىڭ بىرى ھەسەن 2 مەسچىتى بولۇپ، ئۇ ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت، دۇنيادىكى 14ـچوڭ مەسچىت ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ مۇنارى 210 مېتىر (689 ئىنگلىز چىسى) كېلىدىغان بولۇپ، دۇنيادىكى ئىككىنچى ئېگىز مۇنار ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ، ماراكەش پادىشاھى ھەسەن 2 نىڭ يېتەكچىلىكىدە، فرانسىيەلىك بىناكار مىشېل

پىنساۋ تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن بولۇپ، 1993-يىلى ماراكەشنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن قول ھۈنەرۋەنلىرى تەرىپىدىن ياسالغان ئىكەن. مەسجىد ئىچىدە 25 مىڭ، سىرتىدا 80 مىڭ بولۇپ جەمئىي 105 مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىكەن.

ماراكەش شەھىرى، ماراكەشدىكى 4-چى چوڭ شەھەر بولۇپ، نوپۇسى 1 مىلىيوندىن ئاشىدىكەن. ماراكەش شەھىرى 1070- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماراكەش دۆلىتىدىكى تۆت قەدىمىي پايتەختنىڭ بىرى بولغان ئىكەن. كۇتۇبىييە مەسچىتى (جامع الكتبيّة) ماراكەشتىكى ئەڭ چوڭ تارىخى مەسچىت بولۇپ، ئۇ 1147-يىلى ئەلموھاد خەلىپىسى ئابدۇلمۇمىن ماراكەشنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىنلا قۇرۇلغان ئىكەن. مىچىت مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 77 مېتىر (253 ئىنگلىز چىسى) بولۇپ ، ئۇ ماراكەش شەھەرىدىكى مۇھىم تارىخى يادىكارلىق ھېسابلىنىدىكەن. ماراكەش شەھەرىدىكى يەنە بىر تارىخى ئورۇن بىن يۇسۇف مەدرىسى بولۇپ، ئۇ 14-ئەسىردە سېلىنغان ئىكەن. بىن يۇسۇف مەدرىسى ئىلگىرى شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام مەكتىپى ھېساپلىنىدىغان بولۇپ، ھازىر يۇنېسكو دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى تېزىملىكىگە كىرگۈزۈلگە موھىم تارىخىي مىراسلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن.

يۇقارقى شەھەرلەردىن باشقا فاس ماراكەشنىڭ ئىككىنچى چوڭ شەھىرى بولۇپ، نوپۇسى 1.5 مىلىيون ئەتراپىدا ئىكەن. فاس شەھىرى 8-، 9- ئەسىرلەردە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ماراكەش دۆلىتىنىڭ مەنىۋىي ۋە مەدەنىيەت پايتەختى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ «غەربىنىڭ مەككىسى» ۋە «ئافرىقانىڭ ئافىناسى» دەپمۇ ئاتالىدىكەن.

ئامېرىكا 1776 - يىلى مۇستەقىل بولغاندا، ماراكەش خانلىقى تۇنجى بولۇپ ئامېرىكانىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغان، شۇنداقلا ئامېرىكا بىلەن ئەڭ بۇرۇن دىپلوماتىك دوستلۇق كېلىشىمى تۈزگەن ۋە ئۇ كېلىشىم ھازىرغا قەدەر دەۋام قىلغان ئىكەن. 1884- يىلى ئىسپانىيە ماراكەشنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلىرىنى، 1912- يىلى فىرانسىيە پۈتۈن ماراكەشنى ئۆزلىرىنىڭ قوغدايدىغان رايونى قىلىپ بېكىتىپ، ماراكەشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرىۋالغان ئىكەن.

ماراكەش خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى مۇھەممەد V ماراكەشنىڭ فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيەدىن مۇستەقىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ماراكەش شەھىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ماراكەشنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى بولغان ئىكەن. 1943-يىلى 1- ئاينىڭ 22- كۈنى، مۇھەممەد V ئامېرىكا پىرزىدېنتى فرانكلىن روزۋېلت ۋە ئەنگلىيە باش مىنىستىرى ۋىنستون چېرچىل بىلەن ئايرىم كۆرۈشكەن ئىكەن. ئاشۇ قېتىملىق كەچلىك زىياپەتتە روزۋېلت، سۇلتان مۇھەممەدكە «مۇستەملىكىچىلىك مەسىلىسىدە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەھۋال ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولىدۇ» دەپ ۋەدە بەرگەن ئىكەن. ئۇ ئۇچۇرشۇشقا سۇلتاننىڭ 14 ياشلىق ئوغلى ۋە ماراكەشنىڭ كەلگۈسىدىكى پادىشاھى ھەسەن ئىككىنچىمۇ قاتناشقان بولۇپ، روزۋېلت ئۇنىڭغا «بۇنىڭدىن ئون يىل كېيىن دۆلىتىڭىز مۇستەقىل بولىدۇ» دېگەن ئىكەن.

1947ـ يىلى، مۇھەممەد V تارىخىي نۇتۇق سۆزلەپ، ماراكەشنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە ماراكەشنىڭ ئەرەب دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تەكىتلىگەن ئىكەن. 1953ـ يىلى، فرانسىيە دائىرىلىرى مۇھەممەد V نى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنى كورسىكاغا سۈرگۈن قىلغان، كېيىن ئۇنى ماداغاسقارغا يۆتكىگەن ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەد بىن ئەرەفەنى سۇلتان قىلىپ بېكىتكەن ئىكەن. مۇھەممەد V نىڭ فىرانسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى، ماراكەش خەلقىنىڭ فرانسىيەگە قارشى ھەرىكەتلەرنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولغان بولۇپ، نەتىجىدە فرانسىيە ھۆكۈمىتى مۇھەممەدنىڭ قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلغان ۋە 1956ـ يىلى ئۇ ماراكەشنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا فرانسىيە ۋە ئىسپانىيە بىلەن سۆھبەتلەشكەن. كېيىنكى يىلى، يەنى 1957 ـ يىلى ئۇ مۇستەقىل ماراكەش دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بولغان. مۇھەممەد (V) 1961ـ يىلى 51 يېشىدا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى ھەسەن ئىككىنچى تەختكە ئولتۇرغان.

ماراكەش گەرچە 1956 ـ يىلى فرانسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر ماراكەشتە فرانسىيە ۋە فىرانسۇزلارنىڭ تەسىر خېلىلا كۈچلۈك ئىكەن. مېھمانخانىلاردا ئەرەپ تىلى بىلەن فرانسۇز تىلى ئورتاق قوللىنىلىدىكەن.

ماراكەشنىڭ 2023ـ يىللىق نورماللاشتۇرۇلغان كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرچە كىرىمى 3979 دوللار بولۇپ، دۇنيادا 123ـ قاتاردا تۇرىدىكەن. سودا ـ سېتىق ۋە تىجارەت ئورۇنلىرى سودا ـ تىجارەتتە ئۆزىنىڭ پۇلىدىن باشقا ياۋرونى ئاساس قىلىپ ھېسابات قىلىدىكەن. ماراكەشنىڭ پۇلى دىرھەم بولۇپ، تەخمىنەن ئون ماراكەش دىرھىمى بىر دوللارغا توغرا كېلىدىكەن. ماراكەشتە ئەڭ تۆۋەن ئايلىق مائاش 500ـ400 دوللار ئەتراپىدا ئىكەن. ئوتتۇرچە ئايلىق مائاش 2000ـ1600 دوللار ئەتراپىدا ئىكەن.

پۈتۈن ماراكەشتە ئۇبەر چەكلەنگەن ئىكەن. تاكسىدا پۇل ھېسابلاش سائىتى يوق ئىكەن. گەرچە تاكسىلارنىڭ مۇساپىگە قاراپ بىر تۇتاش باھا ئۆلچىمى بولسىمۇ، ئەمما چەتەللىكلەرنى كۆرگەن تاكسى شوپۇرلىرى يەنىلا قالايمىقان باھا قويىدىكەن. كۆپىنچە ئەھۋالدا شەھەر ئىچىدە تاكسىلار 30 دىرھەم بىلەن 80 دىرھەم ئەتراپىدا بولىدىكەن. شەھەر ئىچىدىن ئايدۇرۇمغا 100 دىرھەمدىن 150 دىرھەم ئارىسىدا ئالىدىكەن. تاكسىلاردا ئادەم بېشىغا قاراپ پۇل ئالىدىغان ئىشلارمۇ باركەن.

ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش، بەربەرلەر (ئامازىيە) دەپ ئاتالغان خەلق ماراكەش نوپۇسىنىڭ %31 ئىگىلەيدىكەن. مېنىڭ ئۇلار توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتىم يوق ئىكەن. بەربەرلەر شىمالىي ئافرىقىنىڭ يەرلىك خەلقى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ نوپۇسى 36 مىلىيون بولۇپ، كۆپىنچىسى ماراكەشتىن باشقا ئالجىرىيە، لىۋىيە، تۇنىس، نېگىرىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان ئىكەن. كۆپ قىسمى مۇسۇلمان ئىكەن. بەزىلەر بەربەر دېگەن سۆزنىڭ كەمتىش مەنىسى بار دەپ قارىغاچقا، ئۇلارنى ئامازىغ دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەرەپلەر تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە ئاسىملاتسىيە قىلىنغان دەپ قارىغاچقا، 1970 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەركىتىنى باشلىغان ئىكەن. ئۇلار غەرچە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە پەقەت ئۆز كىملىكى ۋە مەدىنىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، تىل، يېزىق ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. ئەمما زېمىن دەۋاسى ياكى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر جىددىيلىشىپ، ئۇلارنىڭ باللىرىغا ئۆز تىلىدا مىللىيچە ئىسىم قويۇش چەكلەنگەن ئىكەن. لىبىيا قاتارلىق بەزى دۆلەتلەردە ئۇلارنىڭ مىللى كىملىكى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىپ، مەكتەپلەردە ئۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلىشى چەكلەنگەن ئىكەن.

بىز ھازىرغا قەدەر پۈتۈن دۇنيا بىزنى ۋە بىزنىڭ دەردىمىزنى بىلىپ كەتكەندەك، پۈتۈن دۇنيا ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى كېرەكتەك، ئۆزىمىز ئومۇمي يۈزلۈك ھەركەتكە كەلمىسەكمۇ، ئۇلار ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ، ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، بىز ئۈچۈن بىر ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى كېرەكتەك خىياللاردا بولدۇق. ئۈمۈتنى پۈتۈنلەي باشقىلارغا باغلاپ، بەزىلىرىمىز مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن ئۈمۈت كۈتكەن بولساق، بەزىلىرىمىز تۈرك قېرىنداشلاردىن ئۈمۈت كۈتتۇق. يەنە بەزىلىرىمىز غەربتىن ئۈمۈت كۈتتۇق. ئىشلار، كۈتكەن ئۈمىدىمىز بويىچە بولمىغاندا ھەممىسىدىن قاقشىدۇق. دۇنيانىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن، غەربنىڭ ئىنسانسىزلىقىدىن، مۇسۇلمانلار ۋە تۈركلەرنىڭ قېرىنداشلىقىدىن كۆڭلىمىز يېرىم بولدى، ئۈمۈتسىزلەندۇق. خۇددى دۇنيادا بىز بىلمەيدىغان خەلق ۋە دەرتمەنلەرنىڭ كۆپلىكىگە ئوخشاش، بىزنى ۋە بىزنىڭ دەردىمىزنى بىلمەيدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى تونۇپ يەتمىدۇق. ئەلۋەتتە، بىز دەۋانى خەلقارىغا ئاڭلىتىشىمىز، خەلقارانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك، ئەمما ئۈمۈتنى پۈتۈنلەي باشقىلارغا باغلىۋالماسلىقىمىز كېرەك. بولمىسا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى روھىي كەيپىياتىمىز ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، چۈشكۈنلىشىشكە گىرىپتار بولۇشىمىز مۇمكىن. ئادالەتسىزلىك يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭغا قارشى ئاۋاز چىقىرىشىمىز، خاتا سىياسەتلەرنى تەنقىت قىلىشىمىز كېرەك. ئەمما ئورۇنسىز شىكايەت ۋە قاقشاشلار يالغۇز بىزنى ھەقسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماستىن، بەلكى بىزنىڭ روھىي ساغلاملىقىمىزغا ئېغىر سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام



# باشقىچە كۆز قاراش

مۇھەممەد ئارىفى

# باشقىچە كۆز قاراش

دوكتور مۇھەممەد ئارىفى

ئىنسانلار مىجەز خاراكتېر ۋە تەقى-تۇرۇق جەھەتلەردە پەرقلەنگىنىدەك، كۆز قاراش، چۈشەنچە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى جەھەتلەردىمۇ پەرقلىنىدۇ. بىرسىنىڭ توغرا ئىشقا قارشى چىققىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە تىرىشقىنىڭدا، ئەگەر ئۇ سېنىڭ نەسىھىتىڭنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى دۈشمەنلىرىڭ تىزىملىكىگە يازما.

ئىش-ھادىسىلەرگە مۇمكىنقەدەر ئىجابىي نۇقتىدىن قارا.

دوستلىرىڭدىن بىرسىنىڭ بىر خاتالىقىنى تۈزەتكىنىڭدە، ئۇ بۇنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقۇڭنى دۈشمەنلىككە ئۆزگەرتمە. ئۇ سېنىڭ ئىنكاسىڭغا نىسبەتەن نازاكەتلىك ۋە يۇمشاق ئىپادە بىلدۈرۈشكە داۋام قىلىپ، خاتالىقىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇۋېرىشى مۇمكىن، ئەمما خاتالىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەسلىكى مۇمكىن. كونىلاردا «ماڭا بولغان سۆيگۈڭ داۋام قىلسۇن» دەيدىغان گەپ بار. بەزى يامانلىقلار باشقا بەزى يامانلىقلاردىن كىچىكراقتۇر. ئىنسانلارغا بۇ خىل ئىجابىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، ھېچكىمگە ئاچچىقلانمىساڭ — خۇشال ياشايسەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچقاچان ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغان ئەمەس. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن باشقا چاغدا، قولى بىلەن ھېچكىمنى — نە ئايالىنى، نە خىزمەتچىسىنى — ئۇرغان ئەمەس. ھېچكىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرەر ئەزىيەت يەتكۈزۈلگەن ئەمەس. رەسۇلۇللاھ پەقەت ئاللاھنىڭ ھەققى دەپسەندە قىلىنغان ئەھۋاللاردىلا ئاللاھ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغان.» (مۇسلىم)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا غەزەپلىنەتتى، ئۆزى ئۈچۈن غەزەپلەنمەيتتى.

مەسىلەن، كىچىك ئوغلىڭىز سەھەرلەردىن بىرىدە يېنىڭىزغا كېلىپ، خىراجەت ئۈچۈن سىزدىن بىر نەچچە سوم پۇل سورىدى. سىز پورتمالىڭىزغا قاراپ پورتمالىڭىزدا پەقەت بەش يۈز سوملۇق پۈتۈن پۇل بارلىقىنى بايقىدىڭىز ۋە شۇ پۇلنى بالىڭىزغا بېرىپ «بۇنىڭدىن ئىككى سومنى خەجلەپ، ئاشقىنىنى

قايتۇرۇپ كەل» دېدىڭىز. بۇ گەپنى ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا جېكىلىدىڭىز. بالىڭىز مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىنىدە بالىنىڭ سىز بەرگەن بەش يۈز سومنىڭ ھەممىسىنى خەجلىۋەتكەنلىكىنى بىلدىڭىز. خوش، بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق قىلىسىز؟ بالىغا قايسى شەكىلدە ئاچچىقلىنىسىز؟ بەلكىم بالىنى ئۇرۇشىڭىز، بالىغا قوپال مۇئامىلە قىلىشىڭىز ياكى ئۇنىڭغا بىر نەچچە كۈن خىراجەت بەرمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

ئەگەر ئەسىر نامىزىنى مەسجىدتە ئوقۇپ ئۆيگە قايتقىنىڭىزدا ئۇنىڭ نامازنى مەسجىدتە ئوقۇمىغىنىنى، كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، باشتىكى بەش يۈز سوم ئۈچۈن ئاچچىقلانغاندەك ئاچچىقلىنامسىز؟ جەزم قىلىمەنكى، بەش يۈز سوم ئۈچۈن ئاچچىقلىنىشىڭىز بالىنىڭ ئەسىر نامىزى ئۈچۈن مەسجىدكە بارمىغىنىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ ھەم ئۇزاقراق داۋاملىشىدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئاللاھنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغان چاغدىلا غەزەبلىنەتتى. (يەنى، ئەگەر غەزەپلىنىدىغان ئىش بولسا، رەسۇلۇللاھ بالىنىڭ كېيىنكى ئىشىغا — مەسجىدكە بارمىغىنىغا غەزەپلەنگەن بولاتتى.) رەسۇلۇللاھ ئۆزىنىڭ نەسىھىتى قوبۇل قىلىنمىغاندا سۈكۈت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. چۈنكى، كىشىنى ھەقكە مۇۋەپپەق قىلىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم قوشۇن باشلاپ شام چېگرىسىدىكى تەبۇكقا كەلدى. ۋىزانتىيە دۆلىتىگە يېقىنلاشتى. دىھيە ئەلكەلبىنى ۋىزانتىيە ئىمپراتورى ھىراكلىۇسقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. دىھيە ھىراكلىۇسنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مەكتۇبىنى ئۇنىڭغا بەردى. ھىراكلىۇس مەكتۇپنى كۆرۈپ، ۋىزانتىيە پوپلىرىنى ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنى چاقىرتتى. ئوردىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاتقۇزدى ۋە مۇنداق دېدى:

بۇ كىشى (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى دېمەكچى) سىلەر بىلگەن يەرگە چۈشكۈن قېپتۇ ۋە مېنى مۇنۇ ئۈچ ئىشتىن بىرىگە دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ:

يا ئۇنىڭ دىنىغا كىرىشىمنى، ياكى ئۆز دىنىمىزدا قېلىۋېرىشنى تاللىساق ئۇ ھالدا ئۆزىگە جىزيە (ئولپان) تۆلىشىمىزنى، ياكى بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قوبۇل قىلمىساق جەڭ ئۈچۈن مەيدانغا چىقىشنى تەلەپ قېپتۇ.

ھىراكلىۇس داۋامەن مۇنداق دېدى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قولۇڭلاردىكى ئىلاھىي كىتابتىن بىلگىنىڭلاردەك، ئۇ زېمىنىمىزنى مۇتلەق رەۋىشتە ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالىدۇ. كېلىڭلار، ئۇنىڭ دىنىغا كىرەيلى ياكى مۇشۇ ھالىتىمىزدە قېلىۋېرىپ، ئۇنىڭغا جىزيە تۆلەيلى!

پوپلار ھىراكلىۇسنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن نەرە تارتىشقا باشلىدى. شۇ دەرىجىدىكى، ئۇلارنىڭ غەزىپىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۈچىسىغا ئارتقان يەكتەكلىرى يەرگە دولىسىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ھىراكلىۇسقا «سەن بىزنى خىرىستىيانلىقنى تاشلاپ، ھىجازدىن كەلگەن بىر بەدەۋىيگە قۇل بولۇشقا چاقىرىۋاتامسەن؟» دېيىشتى.

ھىراكلىۇس ھەيرەتتە قالدى. ئۇلارغا بۇنداق تەكلىپ قويۇش بىلەن خەتەرلىك بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغىنىنى تونۇپ يەتتى. بۇ پوپىلارنىڭ نوپۇزى ئۈستۈن، تەرەپتارلىرى كۆپلۈك ئىدى. ھىراكلىۇس ئۇلارنىڭ ئۆز يېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خەلقنى ئۆزىگە قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ۋەجىدىن، ھىراكلىۇس «مەن يۇقىرىقىلارنى سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا قانچىلىك سادىقلىقىڭلارنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە سۆزلىگەن ئىدىم» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى تىنجىتتى.

ھىراكلىۇس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئالدىن خۇش خەۋەر بەرگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ بۇ جەھەتتە كۆڭلىنىڭ تەسكىن تېپىشىنى ئارزۇلاپ، تۇجىب قەبىلىسىدىن بولغان ئەرەپلەردىن بىرىنى چاقىردى. ئۇ چاقىرتىپ كەلگەن ئەرەپ خىرىستىيان دىنىدا ئىدى. ھىراكلىۇس ئۇنىڭغا «ماڭا ئانا تىلى ئەرەپ تىلى بولغان، ئېيتىلغان سۆزنى ياخشى ئېسىدە تۇتتۇۋالالايدىغان بىرىنى ئېلىپ كەل. سەن ئېلىپ كەلگەن كىشىنى ماڭا يېزىلغان مەكتۇپنىڭ جاۋابى بىلەن قوشۇپ ئۇ پەيغەمبەرگە ئەۋەتىمەن» دېدى. تۇجىب قەبىلىسىلىك كىشى قايتىپ بېرىپ، ئەرەپلەرنىڭ تەنۇھ قەبىلىسىگە تەۋە بىر كىشىنى باشلاپ كەلدى. ھىراكلىۇس رەسۇلۇللاھقا يازغان جاۋاپ مەكتۇبىنى تەنۇھلۇق بۇ كىشىگە تۇتقۇزدى ۋە مۇنۇلارنى تاپىلىدى:

«مەكتۇپۇمنى پەيغەمبەرگە ئېلىپ بار، ئۇ سۆز قىلغاندا مۇنۇ ئۈچ ئىشقا دىققەت قىل. (1) ماڭا يازغان مەكتۇبى ھەققىدە بىرەر سۆز قىلامدۇ-يوق؟ (2) مەكتۇبىمنى ئوقۇغىنىدا «كېچە» دېگەن سۆزنى ئېيتامدۇ-يوق؟ (3) ئۇنىڭ دۈمبىسىدە ساڭا شۈبھىلىك بىلىنىشىدىغان بىرەر نەرسە بارمۇ-يوق؟»

تەنۇھلۇق ئەرەپ ئەلچى (ھىراكلىۇسنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ) شامغا قاراپ يولغا چىقتى، ئاقىۋەتتە تەبۇكقا يېتىپ باردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ساھابىلىرى ئارىسىدا تىزىنى تىكلىگەن ھالدا ئېقىن سۇ بېشىدا ئولتۇرغان ئىدى. ئەرەپ ئەلچى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ «پەيغەمبىرىڭلار قېنى؟» دەپ سورىۋىدى، ساھابىلەر «ئەنە ئاشۇ كىشى شۇ» دەپ رەسۇلۇللاھنى كۆرسەتتى. ئەلچى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ھىراكلىۇسنىڭ مەكتۇبىنى رەسۇلۇللاھقا بەردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مەكتۇپنى يېنىغا قويۇپ:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— مەن تەنۇھ قەبىلىسىدىن، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

— ئىسلامغا، توغرا دىنغا، بوۋاڭ ئىبراھىمنىڭ دىنىغا كىرسەڭ بولماسمۇ؟— دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئارزۇلايتتى. ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشتىن توسىدىغان باشقا چوڭ سەۋەپ يوق ئىدى. ئەمما، ئۆز دۆلىتىدىكىلەرنىڭ دىنىدىن ئايرىلماسلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا توسالغۇ ئىدى. ئەلچى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن بىر دۆلەتنىڭ ئەلچىسىمەن، ئۆز دۆلىتىمنىڭ دىنىغا مەنسۇپمەن. ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغانغا قەدەر دىنىمنى ئۆزگەرتمەيمەن.

رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بۇ قوپال جاۋابىغا خاپا بولۇپ يۈرمىدى، ئۇنىڭ قوپاللىقىنى تۇسالغۇغا ئايلاندۇرۇۋالمىدى. پەقەت كۆڭلۈمسىرەپ قويىدى ۋە ئاللاھنىڭ «سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلالمايسەن. پەقەت ئاللاھلا ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى. (سۈرە قەسەس 56) ئاندىن، سالماقلىق بىلەن مۇنۇلارنى ئېيتتى:

— ئى تەنۇھلۇق زات! مەن كىسراغا بىر مەكتۇپ يوللىغان ئىدىم، ئۇ مەكتۇبۇمنى يىرتىپ تاشلىدى. ئاللاھ ئۇنى ۋە سەلتەنىتىنى يوق قىلىدۇ. نەجاشىغا بىر مەكتۇپ يازغان ئىدىم، ئۇمۇ مەكتۇپۇمغا ئىجابىي جاۋاپ قايتۇرمىدى. ئاللاھ نەجاشىنىڭ سەلتەنىتىنىمۇ گۇمران قىلىدۇ. سېنىڭ ھۆكۈمرانىڭغا بىر مەكتۇپ يازغان ئىدىم. ئۇ مەكتۇپۇمنى قولىغا ئالدى، يىرتىپ تاشلىۋەتمىدى. ھۆكۈمرانىڭ ھايات ياشىغان مۇددەتتە خەلقى ئۇنىڭدىن زۇلۇم كۆرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن داۋاملىق ياخشىلىق كۆرىدۇ.

ئەلچى بۇ پەيتتە ھىراكلىۋسنىڭ تەۋسىيەلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزى-ئۆزىگە «ھۆكۈمدار ماڭا تەۋسىيە قىلغان ئۈچ ئىشتىن بىرى مانا بۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى. نەتىجىدە، ئوقدىنىدىن بىر ئوق ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىلىچىنىڭ بىسىغا ئوقنىڭ ئۇچى بىلەن جىجاپ يېزىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ مەكتۇپنى سول تەرىپىدە تۇرغان بىر ساھابىسىگە بەردى. ئەلچى:

— ھۆكۈمدارىمىز ئەۋەتكەن مەكتۇپنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىدىغان كىشىڭلار كىم؟— دەپ سورىۋىدى، ساھابىلەر:

— مۇئاۋىيە، — دېيىشتى.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەكتۇپنى ئوقۇشقا باشلاپ:

— ھىراكلىۋس «مېنى كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدەك كەڭرى بولغان، تەقۋادارلار ئۈچۈن ھازىرلانغان جەننەتكە دەۋەت قىپسەن. ئۇنداقتا جەننەت قەيەردە؟» دەپ يېزىپتۇ،— دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم جاۋابەن:

— سۇبھانەللاھ، كۈندۈز كەلگەندە كېچە قەيەردە؟ — دېدى.

ئەلچى رەسۇلۇللاھنىڭ «كېچە» كەلىمىسىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇنى ھىراكلىۋس تاپىلىغان ئىككىنچى ئىشنىڭ جاۋابى دەپ بىلدى. ئوقدىنىدىن بىر تال ئوق ئېلىپ، بۇنى قىلىچىنىڭ قىنىغا يېزىۋالدى. مۇئاۋىيە مەكتۇپنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئەلچىگە:

— شۇنداق، سەن بىر ئەلچى. يېنىمدا ساڭا ھەدىيە قىلغۇدەك بىرەر نەرسە بولغان بولسا، ئۇنى ساڭا ھەدىيە قىلغان بولاتتىم. شۇ پەيتتە بىز ئوزۇق-تۈلۈكلىرى بولمىغان مۇساپىرلارمىز. كۆرگىنىڭدەك، بىز قۇمنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغان يولۇچىلارمىز، — دېدى.

بۇ پەيتە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆز ئېچىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا مەن ھەدىيە بېرىمەن، — دېدى. ئاندىن تۇرۇپ يۈك-تاقلىرىنى ئېچىپ، بىر قۇر كىيىم ئېلىپ كەلدى. كىيىمنى ئەلچىنىڭ قۇچىقىغا قويدى. رەسۇلۇللاھ:

— بۇ كىشىنى قايسىڭلار كۈتۈۋالدۇ؟— دېۋىدى، ئەنساردىن بىر ياش:

— مەن كۈتۈۋالاي، — دېدى.

ئەنسارى ياش ئورنىدىن تۇردى، ئەلچىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇردى. ئەلچىنىڭ كاللىسى ھىراكلىۇس تاپىلىغان ئۈچىنچى ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى تاغاق سۆڭىكى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى ئىدى. ئەلچى بىر نەچچە قەدەم مېڭىشىغا، توساتتىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا «كەلگىن، ئى تەنۇھ قەبىلىسىك كىشى» دېگىنىنى ئاڭلىدى. ئەلچى يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تۇردى. رەسۇلۇللاھ بەلۋىغىنى يېشىپ، يەكتىكىنى سالدى ۋە ئەلچىنىڭ كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن دۈمبىسىنى ئېچىپ:

— (سەن ئىزدىگەن نەرسە) مانا بۇ يەردە، ساڭا ئەمر قىلىنغاننى ئورۇندىغىن، — دېدى.


ئەلچى كېيىن ھۆكۈمدارغا مۇنداق جاۋاپ ئېلىپ باردى:

«پەيغەمبەرنىڭ دۈمبىسىگە زەن سالدىم. تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدا تۇخۇمدەك مۆھۈر بارلىقىنى كۆردۈم.» (مۇسنەد ئەھمەد؛ سىيرەت ئىبنى كەسىر 4\27)

## بىر پىكىر

مەقسەت — كىشىلەرنىڭ ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇپ يېتىشىدۇر. كىشىلەر ئۆز خاتالىقلىرىنى سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا تۈزىتىشى شەرت ئەمەس. بۇ سەۋەبلىك، (نەسىھىتىڭگە ئۇنىمىسا) ئاچچىقلانما.

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىنىڭ «ھاياتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى


ئۇيغۇر تەتقىقاتى
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
ئويغانغان زېمىن
2
ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ رومانلىرىدىكى
تارىخىي چىنلىق
ئۆمەرجان مەخسۇت

# ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ رومانلىرىدىكى تارىخىي چىنلىق

ئۆمەرجان مەخسۇت

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا خىتايدا باشلانغان ئىسلاھات قەدىمىنىڭ شاراپىتىدىن «بۇغداينىڭ باھانىسىدە قارىمۇقمۇ سۇ ئىچىپتۇ» دەپ، بۇ پۇرسەتتە بىر بۆلۈك ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىمىزمۇ جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى. شۇ چاغلاردا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ تۇمانلىرى تېخى كۆڭۈلدىن تاراپ بولمىغاچقا، ئەمدىكى قەدەمدە نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن پىكىر شەكىللەنمىگەن ئىدى. بىراق شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم  ۋىلايەتلىرىدە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ھېكايە ۋە شېئىرلار قايناپ كەتتى. ئۈرۈمچىدىمۇ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» چىقىرىلدى. ئارقىدىن «كۆۋرۈك» دېگەن ژۇرنال نەشىر قىلىندى. كېيىن «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» دەپ ئۆزگەرتىلدى. بۇ ژۇرنالدا خىتاي تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى ئاساس قىلىناتتى. «چەتئەل ئەدەبىياتى» دېگەن ژۇرنالمۇ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ناھايىتى بازار تاپقان ئىدى. رومانچىلىقتا شۇ يىللاردا قەيۇم تۇردى، تۇردى سامساق ئەسەرلىرى ۋە باشقا بىر نەچچە رومانلار نەشىر قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ رومانلاردىكى ئاددىيلىق، مەزمۇندىكى جەلپكارلىقنىڭ ئاجىز بولۇشى، ھەتتا يازغۇچىدىكى روھىي كىشەننىڭ تەسىرى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن بۇ رومانلارنىڭ جەمئىيەتتە قوزغىغان تەسىرى چەكلىك بولدى. ئۇستاز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «ئىز» رومانى مانا مۇشۇنداق بۇرۇختۇمچىلىق ئىچىدىن پارلاپ چىقىپ، نىشانىنى يورۇتۇپ، جەمئىيەتتە سىلكىنىش پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ قەلەمكەشلەر ئىچىدە قايتا ئويلىنىش پەيدا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئون يىلدا ئۇيغۇر تارىخىغا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت يازمىلار، چەتئەل تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ھەر خىل ژانېرلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 2000 ـ يىللارغىچە ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت رومانلار، تەرجىمە ئەسەرلەر 300 پارچىدىن ئېشىپتۇ. باشقا ماقالە ـ يازمىلارنى قوشقاندا مىڭدىن ئارتۇق ئىكەن

ئۇستاز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» دېگەن تارىخىي رومانلىرىدا تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجىم باشچىلىقىدىكى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوزغىلاڭلارنىڭ ئۇيغۇر كۈرەش تارىخىدىكى يېڭى بىر دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيىتىنى ئۇيغۇر خەلقىگە يەتكۈزدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى قوزغىلاڭ باشچىلىرىدىن تارتىپ ئەسكەرلەرگىچە ئۇيغۇر ئىدى. بۇمۇ ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدا ئاز ئۇچرىغان خوجا ـ ئىشانلار ياكى يات مىللەتلەرنىڭ كونتروللۇقىسىز ئېلىپ بېرىلغان

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئىنقىلابى بولغان ئىدى. گەرچە بۇ قوزغىلاڭلار پاجىئەلىك مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۆرەشنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى. مەيلى بىرىنچى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابىنى بولسۇن ياكى ئىككىنچى جۇمھۇرىيەت ئىنقىلابىنى بولسۇن بۇ دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. كىتاپتا يېزىلغان بۇ باش قەھرىمانلار تارىختا ئۆتكەن ئىسمى بار-جىسمى بار ھەقىقىي ئادەملەردۇر. ئۇلار قازانغان زەپەرلەرمۇ، ئۆتكۈزگەن ئەجەللىك خاتالىقلىرىمۇ ھەقىقەت. بۇ ۋەقەلەر تارىخ سۈپىتىدە ئەمەس، تارىخىي رومان شەكلىدە يېزىپ چىقىلدى. ئۇستاز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئىز» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «ئۆزۈمنىڭ ناتىۋانلىقىغا قارىماي شۇنداق گۈمبەز قوپۇرۇش نىيىتىدە بىر قانچە يىللار ئىزدەندىم، ئۆگەندىم، يىغدىم ۋە يېزىشقا كىرىشتىم»، «تاش -توپا ياكى پۇلات-بېتوندىن ئەمەس، ئېقى قەغەز، قارىسى سىيا بىلەن قوپۇرۇلغان گۈمبەزلا، ھەرقانداق بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەۋلاتتىن -ئەۋلاتقا قالىدىغان گۈمبەز بولالايتتى» دەيدۇ. بۇ رومانلاردا رېئال ۋەقەلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. رومانىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئۈچۈن قوشۇلغان بەزى توقۇلما پېرسوناژلار شۇ تارىخىي رومانىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا پاكىت ۋە سەۋەب بولالمايدۇ. تارىخىي رومانلاردا يېزىلغان ھەر قانداق پاكىت، گۇۋاھلىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا بىزدە ئىسپات بولۇشى كېرەك. پەقەت قانداقتۇر بىرلىرى ئوتتۇرغا قويۇپ قېلىپلىشىپ قالغان نەزەرىيەلەر بىلەنلا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرماسلىق كېرەك.

مېنىڭ ئۆتكۈر ئەپەندىم يازغان تارىخىي رومانلارنى رېئال تارىخقا ئۇيغۇن دېيىش ئاساسىم تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچىدىن: مېنىڭ مومام تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىدا بالا ئالاقىچى بولغان ئىكەن. شۇ مەزگىلدە 13-12 ياشلاردىكى قىز ئىكەنتۇق. ئۇ چاغلاردا ئادەملەر ئاساسىي جەھەتتىن ساۋاتسىز بولغاچقا، قوزغىلاڭچىلار بىر -بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشتە خەۋەر كۆچى ئارقىلىق سۆز يەتكۈزۈشكە تايىنىدىكەن . يىراقراق مەھەللىلەرگە ئاتلىق ئادەم تەيىنلەيدىكەن. يېقىنراق يەرلەرگە كىچىك باللارغا گەپ ئۆگىتىپ ئالاقىچىلىككە سالىدىكەن. مومام ناھايىتى ئايغى چاققان قىز بولسا كېرەك، چوڭلار زوقلىنىپ «جەرەن»گە ئوخشىتارمىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ لەقەم «جەرەن توختىخان» بۇلۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ھەمرا بولدى. مومام 1978-يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مەن كىچىكىمدىن مومام بىلەن بىر قورودا بولغاچقا مومامنىڭ «تۆمۈر خەلپە» ۋە كېيىنكى «خوجىنىياز ھاجىم» توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرى ھازىرمۇ ئىسىمدە تۇرىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ بىزنىڭ جەمەت بىلەنمۇ ئالاقىسى قويۇق ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ئۆتكۈر ئەپەندىم ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىلا جامائەتكە تونۇلۇشقا باشلىغان شەخس بۇلۇپ، شۇ يىللاردىلا تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجىمدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسلەرگە سىياھ ۋە قەغەز ئارقىلىق «گۈمبەز » تىكلەشنى كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇ چاغلاردا ھەر ئىككى قېتىملىق دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى شاھىدلىرىدىن نۇرغۇنلىرى ھايات ئىدى. مەن چېغىمدا

مۇھىم شەخسىتىن ئۇچىنى تونۇيمەن. بۇ پېرسوناژلاردىن بىرى، ئۆتكۈر ئەپەندى «ئويغانغان زېمىن» تارىخى رومانىدا تىلغا ئالغان ئالتۇن سوپاخۇن دېگەن كىشى بولۇپ، رومانىدا ئۇ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى دېيىلگەن. بۇ كىشىمۇ خوجىنىياز ھاجىم تۇتقۇن قىلىنغانىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە تاشلانغان. ئالتۇن سوپاخۇن مىنىڭ مومام جەرەن توختىخانىنىڭ تۇنجى پەرزەنتى ئىبادەت دېگەن ھامامنىڭ ئېرى بولۇپ، ھامام تۇنجى تۇغۇتىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئارىسىدا بالا بولمىغان ئىكەن. لېكىن بۇ كىشى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ 60 يىللىرىدا كېيىنكى ئايالى بىلەن بىر نەچچە قېتىم مومامنى يوقلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مومامنىڭ ئۆيىدە نەچچە كۈنلەپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن.

يەنە بىرى ھەمدۇللاھ ئاكا (ھەمدۇل قاۋان). بۇ كىشى خوجىنىياز ھاجىمغا ئەگىشىپ جەڭلەردە شەخسىي قوغدىغۇچىسى بولغان كىشى بولۇپ، كۆرۈنىشىدىنلا بەستى ھەيۋەتلىك، سۆزلىرى كەسكىن، ياسالمىلىقى يوق كىشى ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئىككى قولى بىلەن توپاقنى كۆتۈرگەن كۈچتۈڭگۈر كىشى ئىكەن. ئاتامنىڭ ئاكا ئاغىينىسى ئىدى. 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۈچىنچى كىشى زىياۋۇدۇن. خىتايچە ئىسمى ئەي شى جوڭ (داڭلىق رىياسەتچى مەلىكە زىياۋۇدۇن) نىڭ دادىسى بولۇپ، بۇ كىشى خوجىنىياز ھاجىم مۇئاۋىن رەئىس بولغاندا، جاللات شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىمغا شەخسىي قوغدىغۇچىلىققا بەلگىلەپ بەرگەن جاسۇس ئىدى. ئەڭ ئېچىنىشلىق يېرى، بۇ نىقاپلىق جاسۇس خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولىۋالغان ئىدى. بۇ كىشى توغرۇلۇق ئۆتكۈر ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ: «ھېلىقى سىپتا كىيىنىپ يۈرىدىغان ياش مەھرەم مېھمانخانا ئالدىدا گويا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى.» بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «مېھمانخانا» دەل خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ، بۇ ھاجىم ۋە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى قولغا ئېلىنغان چاغدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرە ئىدى. مەن بۇ كىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى «لىتىللىق تۇز ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتى» دا تۆت يىل بىللە ئىشلىگەن ئىدىم. ئەڭ مۇھىمى 15 يىلدىن كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بۇ كىشىنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار بولۇپ قالدىم. ئىسمىدە قېلىشىچە، بۇ كىشى 1995 ـ يىلدىن كېيىن ئۆلدى. بۇلارنى تونۇشتۇرۇشتىن مەقسەت، ئۆتكۈر ئەپەندىم ھايات ۋاقتىدا ئوخشاشلا نۇرغۇن مۇھىم شاھىدلارمۇ ھايات ئىدى دېمەكچىمەن.

ئۈچىنچىدىن، مەن كۆرگەن ئۆتكۈر ئەپەندى ئىنتايىن بىلىملىك، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، ناھايىتى گۈزەل ئەخلاققا ئىگە، ھۆرمەتلىك كىشى ئىدى. ئۆزىنىڭ تارىخىي رومانلارغا بەرگەن ئىزاھاتىغا ئۆزىنىڭمۇ تولۇق ئەمەل قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. ھەممە يازغۇچىنىڭ بۇنداق ئۆز مەسئۇلىيىتىگە سادىق بولۇشى قىيىن. يەڭگىللىك بىلەن يېزىلغان ئەسەرمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئەستىن كۆتۈرلۈپ كېتىدۇ.

ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، تارىخ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنتۇلۇشقا باشلايدۇ. تارىخ يۈز بەرگەن ئورۇن، ۋاقىت، ۋەقەنىڭ جەريانى قاتناشقۇچىلار، شاھىدلار ئالەمدىن ئۆتۈپ بۇ تارىخ ئەستىن كۆتۈرۈلگەن چاغدىلا تارىخچىلار ئاندىن قولىغا قەلەم ئالىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ ئىشەنچىلىك دەپ قارالغان «تارىخنامە» لەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىمۇ «تارىخ» يۈز بەرگەن ۋاقىتتىن نەچچە ئون يىلدىن، نەچچە يۈز، ھەتتا مىڭ يىللاردىن كېيىن بولغان.

تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەن دەۋردىن قانچىكى يىراقلاشسا، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قالىدىغان پەرەز، گۇمان، ھەتتا ئويدۇرمىلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، ئۆتكۈر ئەپەندى يازغان تارىخىي رومانلار دەل ۋاقتىدا يېزىلغان ئىشەنچىلىك تارىخىي ماتېرىيال بولالايدۇ. تارىخىي شەخسلەرگە باھا بەرگەندە تارىخىي شەخس ياشىغان زامان، ماكان ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر قانداق ئادەمنىڭ دەۋر ئاتا قىلغان خىسلەت، ھېكمەت ياكى ئىللەتلەردىن تامامەن مۇستەسنا بولغان باشقىچە بىر ئادەم بولىشى مۇمكىنچىلىكتىن ئومۇمەن يىراق.

ئۆتكۈر ئەپەندى ھاياتىدا نۇرغۇن ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. «ئىز»، «ئىلى سۇلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۈچۈن 10 يىل تۈرمىدە ياتتى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»دا ئېغىر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي بېسىم ئاستىدا تارتمىغان خورلۇقلىرى قالمىدى. لېكىن روھى سۇنمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى بىراقلا كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئايىغاقچىلىرى ئارقىلىق ئاتالمىش «تەشكىلات» قۇرۇش تەكلىپلىرنى بەردى. ئۆيىگە ۋە ياغاچچىلىق ئىشخانىسىغا تەشۋىقات ۋاراقلىرنى، مەخپىي خەتلەرنى كىرگۈزدى. مەرھۇم ئۇستاز ئۇزۇن يىللىق كۈرەش تەجرىبىسى بار زىيالىي بولغاچقا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىلتاقلىرىغىمۇ دەسسىمىدى. كېيىنكى ئەمەلىيەت بۇنىڭ پۈتۈنلەي خىتاينىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. خىتاينىڭ سىياسىي ھاۋاسىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولغان يىللىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدىكى تەسىردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىلمىي ئاتاقلارنى، سىياسىي ئىمتىيازلارنى ھەدىيە قىلغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى مۇشۇ يول بىلەن «باپلىماقچى» ئىدى. لېكىن بۇ تەجرىبىلىك ئوۋچى ھۆكۈمەتنى «باپلاپ» قويدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ «ئىلتىپات» لىرى مىللەتكە خىزمەت قىلىش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ «ئايلىناي»، «توۋا دەپ تۇتتۇم ياقا»، «مەن ئاق بايراق ئەمەس» قاتارلىق شېئىرلىرى خىتاي زۇلمىغا قارشى ئىنتايىن قاپ-يۈرەكلىك بىلەن يېزىلغان شېئىرلار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەرھۇمنى بېشىدا ئېلىپ كۆتۈرۈۋاتقىنىمۇ دەل ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى ۋە ئەل ئۈچۈن تۆككەن ئەجرىدۇر.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «تاش-توپا ياكى پولات-بېتوندىن ئەمەس، ئېقى قەغەز، قارىسى سىيا بىلەن قوپۇرۇلغان گۈمبەزلا ھەرقانداق بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا قالىدىغان گۈمبەز بولالايتتى» دېگەن سۆزىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ئويلاپ بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

مەن 1961ـ 1964 كىچە تولۇقسىزنى ئۈرۈمچى «شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ»تە ئۇقۇغان ئىدىم. قىش كۈنلىرى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئالقانچىلىك ئىككى تاختايغا ئىككى تالدىن سىمنى مۇقىملاشتۇرۇپ ياسىۋالغان ياغاچ چانىمىز بىلەن «يەنئەن» يولىدا تېيىلىپ ئويناپتۇق. بىر كۈنى قىززىقچىلىقتا «شىنجاڭ رادىيو ئىستانسىسى» نىڭ ئارقا تەرىپىگىراق كېلىپ قاپتۇق. بىز ئۈچ بالا ئىدۇق. ئارىمىزدىن بىرەيلەن «مۇشۇ يەردە خوجىنىياز دىگەن ئادەمنىڭ گۆمبىزى بار» دېدى. مەن مومامدىن خوجىنىيازھاجى توغرۇلۇق ھىكايىلەرنى ئاڭلىغان بولغاچ، كۆرۈپ باقماقچى بولدۇق. ھاجىمنىڭ گۆمبىزى بار يەر ئىنتايىن ۋەيرانە بۇلۇپ، قەۋرىستانلىقمۇ كىچىككىنە يەردە قالغان ئىدى. (بۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت قەبرىلەرنى، گۈلساي قەبرىستانلىقىنى قانۇنلاشتۇرغان ئىدى.) گۆمبەز ئانچە چوڭمۇ ئەمەس، ھەيۋەتلىكمۇ ئەمەس ئىدى. گۆمبەزنىڭ ئىچىنىڭ دىئامېتىرى بىر غۇلاچچە كېلەتتى. ئېگىزلىكىمۇ ئانچە ئېگىز ئەمەس بولۇپ، شۇ چاغدىكى بويىمىز بىلەن قولىمىزنى كۆتۈرسەك تۇرۇسقا يەتكەن ئىدى. گۆمبەزنىڭ ئىچىگە ھەر خىل توم-ئىنچىكىلىكتە يېزىلغان خەتلەر توشۇپ كىتىپتۇ. شېئىرلارمۇ، ھەسرەتلىك جۈملىلەرمۇ، قەبرىنى يوقلاپ كەلگەنلىك ئىسپاتى ئۈچۈن يېزىلغان ئىسىملارمۇ بار ئىدى. مىنىڭ تەبىئىتىم قورقۇنچاقمۇ ياكى ھىسىياتچانمۇ خەتلەرنى ئۇقۇغانسېرى خۇددى گۆمبەز ئىچىدە مىڭلارچە كۆز ماڭا قاراپ تۇرغاندەك مېنى سۈر بېسىشقا باشلىدى. ئاستالا سىرتقا چىقىۋالدىم. ئېنىق ۋاقتى ئىسىمدە يوق، 2000 ـ يىللاردىن كېيىن بۇ يەرگە ئىككى قەۋەتلىك ساقچىخانا سېلىنىدى. ھاجىمنىڭ قەبرىسى توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەر چىقتى. بۇ گەپلەرنىڭ ئىچىدە بىر ئاز ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كۆرگىنىم، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تۇغقانلىرى مېيىتنىڭ سۆڭەكلىرىنى قۇمۇلغا يۆتكەپ كەتكەنمىش. قۇمۇلدا ھاجىمغا مەقبەرە تىكلەنمىگىنىگە قاراپ، ھۆكۈمەت بەلكىم قەبرە قاتۇرماسلىق شەرتى بىلەن يول قويغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدىم. كېيىنكى ھۆكۈمەت ئۆزى ئېھتىيات قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ روھىنىڭ تىرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مېيىتىنىڭ ئىزىنى قالدۇرماسلىق ئۇزاق تارىختىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان سىياسى ئۇدۇمدۇر .

تۆمۈر خەلىپە ۋە غوجىنىياز ھاجىمنىڭ تاش-كېسەكتىن قوپۇرۇلغان گۆمبەزلىرىدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان بولسىمۇ، ئۇستاز ئابدىرىھىم ئۆتكۈرنىڭ قەلىمى بىلەن ئۇلار ئۈچۈن ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بىلەن گۆمبەز قاتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. دېمەك ھەر ئادەم «ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بىلەن يېزىلىدىغان تارىخنى ئۆزى يازىدۇ. كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن بۇلۇڭلاردا تىترەپ ياشىغانلار، يەپ-ئىچىشنىلا تۇرمۇشتىكى بىردىن-بىر خوشاللىق دەيدىغان پۇچەك ئىنسانلارغا ئۆلگەندىن كېيىن ھەر قانچە ھەشەمەتلىك قەبرە قاتۇرۇلغىنى بىلەنمۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇ قەبرە پەقەت ئادەملەر دەسسەپ ئۆتىدىغان تاش-كېسەككە ئايلىنىپ كېتىدۇ، خالاس.

2024ـ يىلى، يانۋار ئېيىدا يېزىلدى.

ئۆ. ئالماس تەھرىرلىدى


كۆڭۈل ۋە تەن
تۆت ئاددىي ئۇسۇل ئارقىلىق تېخىمۇ
ياخشى ئادەتنى قانداق
شەكىللەندۈرىمىز
جېيمس كلىر

# تۆت ئاددىي ئۇسۇل ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئادەتنى قانداق شەكىللەندۈرىمىز

(بېشى ئالدىنقىساندا)

جېيمىس كلىر

(*ئەسكەرتىش: بۇ بۆلەك جېيمىس كلىرنىڭ «قالتىس ئادەتلەر» (Atomic Habitis) ناملىق دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسىدۇر. «قالتىس ئادەتلەر» ناملىق بۇ كىتاپ ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. تەرجىمە ۋە نەشرىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلمىغان دەپ ئەمگەك تەكرارلىقى سادىر قىلماسلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىز.)

1898 ـ يىلى پسىخولوگ ئېدۋارد سورنىدىك (Edward Thorndike) ئادەتلەرنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقىنى، ئادەتلەرنىڭ بىزنىڭ ئىش ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مىزانلارنى چۈشىنىشىمىزنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر تەجرىبە ئىشلىگەن. سورنىدىك ھايۋانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جەھەتتە ئىشنى مۈشۈكلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن باشلىغان.

سورنىدىك ھەر بىر مۈشۈكنى بىردىن تېپىشماق سېۋەتكە سولىغان بولۇپ، ساندۇقلار مۈشۈكلەرنىڭ ساندۇقتىن قېچىپ چىقالىشى ئۈچۈن ساندۇق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىپنىڭ تۈگۈنچىكىنى تارتىش، پىشاڭنى بېسىش، ياكى ساندۇقتىكى تەكچىنىڭ ئۈستىگە چىقىش قاتارلىق ھەرىكەتلەردىن بىرنى قىلىش نەتىجىسىدە ساندۇقنىڭ ئىشىكى ئارقىلىق چىقىپ كېتەلەيدىغان قىلىپ لايىھەلەنگەن. مەسىلەن، ساندۇقلاردىن بىرىدە بىر پىشاڭ بولۇپ، ئۇ پىشاڭنى باسقاندا ساندۇقنىڭ يان تەرىپىدىكى ئىشىك ئېچىلاتتى ـ دە، ئىشىك ئېچىلغاندا مۈشۈك ئېتىلىپ چىقىپ مۈشۈك يېمىنىڭ ئالدىغا كېلەتتى.

مۈشۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساندۇققا سولانغان ھامان ساندۇقتىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇشۇپ، تۇمشۇقى بىلەن ساندۇقنىڭ بۇلۇڭلىرىنى تۈرتەتتى، تىرناقلىرى بىلەن ساندۇقنىڭ ئىشىكلىرىنى تاتىلاپ، ساندۇق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەرىكەتچان جىسىملارنى ئۇياق بۇياققا سۈرەتتى. مۈشۈكلەر ساندۇقتىن قېچىپ چىقىش ئىزدىنىشلىرى بىلەن بولۇپ بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ساندۇق ئىچىدىكى سېھىرلىك پىشاڭنى بېسىپ سالاتتى ـ دە، ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ساندۇقتىن قېچىپ چىقىۋالاتتى.

سورنىدىك ھەر بىر مۈشۈكنىڭ ھەرىكىتىنى كۆپلىگەن سىناقلار ئارقىلىق كۆزەتتى. دەسلىۋىدە مۈشۈكلەر ساندۇق ئىچىدە قالايمىقان يۈگۈردى. بىراق، مۈشۈكلەر توساتتىن پىشاڭغا دەسسەپ قېلىپ، ئىشىك ئېچىلىپ كەتكەندىن باشلاپ، مۈشۈكلەرنىڭ ئۆگىنىش باسقۇچى باشلاندى. بارا ـ بارا، ھەر بىر

مۇشۇك پىشاكىنى بېسىش ھەرىكىتىنى ساندۇقتىن قېچىپ چىقىش ۋە يېمەكلىككە ئېرىشىش مۇكاپاتى بىلەن مۇناسىۋەتلەندۈرۈشنى ئۆگەندى.

يىگىرمە ئوتتۇز قېتىملىق تەجرىبىدىن كېيىن، مۇشۇكلەر ساندۇققا كىرگەن ھامان پىشاكىغا دەسسەش ئارقىلىق ساندۇقتىن قېچىپ چىقىشقا شۇ دەرىجىدە ئادەتلەندىكى، مۇشۇكلەر ساندۇقتىن پەقەت بىر نەچچە سېكونت ئىچىدىلا قېچىپ چىقىپ كېتەلەيدىغان بولدى. سۆزىمىزگە مىسال كۆرسىتىپ ئېيتساق، سورندىك تەجرىبە خاتىرىسىگە مۇنداق خاتىرىلىدى:«12 ـ نومۇرلۇق مۇشۇك ساندۇقتىن قېچىپ چىقىش ھەرىكىتىنى 1 ـ قېتىمدا 160 سېكونتتا، 2 ـ قېتىمدا 90 سېكونتتا، ئۈچىنچى قېتىمدا 15 سېكونتتا تاماملىدى. قالغان قېتىملاردا 28، 20، 30، 22، 11، 15، 20، 12، 10، 14، 10، 8، 8، 5، 10، 8، 6، 6، 7 سېكونتتا تاماملىدى.»

دەسلەپكى ئۈچ قېتىملىق سىناقتا مۇشۇكنىڭ ساندۇقتىن ئوتتۇرىچە قېچىپ چىقىش ۋاقتى 1.5 مىنۇت بولدى. ئاخىرقى ئۈچ قېتىملىق سىناقتا بولسا مۇشۇكنىڭ ساندۇقتىن قېچىپ چىقىش ۋاقتى 6.3 سېكونت بولدى. مۇشۇكلەر قېچىپ چىقىش مەشىقى جەريانىدا بارغانچە ئاز خاتالىق ئۆتكۈزىدىغان ھالەتكە كېلىپ، ھەرىكەتلىرى بارغانچە تېزلىشىپ، بارغانچە ئاپتوماتىكلاشتى. مۇشۇكلەر ئوخشاش خاتالىقلارنى قايتىلاپ سادىر قىلىشنىڭ ئەكسىچە، مەسىلىنى ئۇدۇللا ھەل قىلالايدىغان ھالغا كېلەلىدى.

سورندىك بۇ تەجرىبىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۆگىنىشتىكى جەريانىنى مۇنداق تەسۋىرلىدى:«كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىسى كىشىنى رازى قىلىدىغان ھەرىكەتلەر قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىسى كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ھەرىكەتلەر تەكرارلىنىشى ئاز بولغانلىقى سەۋەبلىك بارلىققا كېلىدۇ.» سورىندىكنىڭ تەتقىقاتلىرى بىزنى ھاياتىمىزدا ئادەتلەرنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىش ئۈچۈن قالتىس بىر باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى يەنە «ئادەت دېگەن نېمە؟ مېڭىمىز نېمىشقا ئادەت شەكىللەندۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىدۇ؟» دېگەن بىرلەمچى سوئاللىرىمىزنى جاۋاب بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### مېڭىمىز نېمىشقا ئادەت شەكىللەندۈرىدۇ

ئادەت —— كۆپ قېتىم تەكرارلانغانلىقى سەۋەبلىك ئاپتوماتىكلىشىپ كەتكەن ھەرىكەتتۇر. ئادەت يېتىلدۈرۈش جەريانى سىناش ۋە خاتالىق سادىر قىلىش بىلەن باشلىنىدۇ. قاچانكى سىز ھاياتىڭىزدا يېڭى بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگىنىڭىزدە، مېڭىڭىزنىڭ (ئۇ جەھەتتە قانداق قىلىش توغرىسىدا) قارار بېرىشى كېرەك بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشۇم كېرەك؟ بىر مەسىلىگە تۇنجى قېتىم دۇچ

كەلگىنىڭىزدە ئۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش جەھەتتە كاللىڭىزدا ئېنىق بىر سان بولمايدۇ. بەئەينى سورۇندىكى سىناق قىلغان مۇشۇكلەردەك، قايسى خىل ئۇسۇلنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن بىر قاتار چارىلەرنى سىناپ كۆرىسىز.

مانا مۇشۇ جەرياندا مېڭىڭىزدىكى نېرۋا ھەرىكەت چاستوتىسى يۇقىرى ھالەتتە بولىدۇ. (بۇ جەرياندا) سىز مەسىلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلىپ، قانداق ھەرىكەت قوللىنىش توغرىسىدا ئاڭلىق ئۇيغۇن قارار چىقىرىسىز. تونىنلاپ يېڭى ئۇچۇر ئېلىپ، ئۇ ئۇچۇرلارغا مەنە بېرىشكە تىرىشىسىز. (بۇ جەرياندا) چوڭ مېڭىڭىز ئەڭ ئۈنۈملىك ھەرىكەت لاھىيىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇ.

بەزى ھاللاردا، سورۇندىكىنىڭ مۇشۇكىنىڭ پىشاڭغا تاسادىپىي دەسسەپ قېلىشى بىلەن ساندۇقتىن قېچىپ چىقىش مەسىلىسى ھەل بولغىنىغا ئوخشاش، مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئاڭسىز رەۋىشتە تېپىۋالىسىز. (مەسىلەن، بەزى چاغلاردا) قايغۇلۇق كەيپىياتقا كىرىپ قالىسىز، ئاقىۋەتتە يۈگۈرەشنىڭ سىزدىكى بۇ قايغۇلۇق كەيپىياتنى يوق قىلغانلىقى بايقايسىز. پۈتۈن بىر كۈن ئىشلەپ كاللىڭىز چارچاپ كەتكەن بولىدۇ، ئاقىۋەتتە بىرەر ساغلام تور ئويۇننىڭ ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىدىغانلىقىنى ئۆگىنىۋالىسىز. (مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن) توختاۋسىز رەۋىشتە ئىزدىنىسىز، ئىزدىنىسىز، ئىزدىنىسىز، ئاقىۋەتتە، ئىشنىڭ چارىسى ئالدىڭىزدا توككىدە پەيدا بولىدۇ.

(مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن) ئىزدىنىش جەريانىڭىزدا ئويلىمىغان يەردىن سەلبىي نەتىجىگە ئېرىشكىنىڭىزدە، كېيىنكى قېتىمدا ھەل قىلىش چارىڭىزنى ئۆزگەرتىسىز. مېڭىڭىز تېزدىن توغرا ھەل قىلىش چارىسىغا ئېلىپ بارىدىغان بىر قاتار قەدەم باسقۇچلارنى تۈرگە ئايرىپ چىقىشقا باشلايدۇ. (توغرا ھەل قىلىش چارىسىنى تاپقىغا ئۆز-ئۆزىڭىزگە) «ۋوي توختا! مانا بولدىغۇ. قايسى چارە ئارقىلىق بۇ نەتىجىگە ئېرىشتىم؟» دەپ سوئال قويىسىز.

«سىناپ كۆرۈش، مەغلۇپ بولۇش، ئۆگىنىش، باشقا ئۇسۇلدا سىناپ كۆرۈش.» مانا بۇلار بارچە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئاستىدا ياتقان ئىنكاس قايتۇرۇش ئايلىنىشىدۇر. مەشىق جەريانىدا، پايدىسى يوق ھەرىكەتلەر بارغانچە ئاجىزلىشىپ، پايدىلىق ھەرىكەتلەر مۇستەھكەملىنىدۇ. ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئوخشاش بىر مەسىلىگە قايتا-قايتا دۈچ كەلگىنىڭىزدە، مېڭىڭىز ئۆزىڭىز دۈچ كەلگەن ئاشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىنى ئاپتوماتىكلاشتۇرۇشقا باشلايدۇ. سىزنىڭ ئادەتلىرىڭىز — سىز داۋاملىق دۈچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنى ۋە بېسىملارنى ھەل قىلىدىغان بىر قاتار ئاپتوماتىك ھەل قىلىش چارىلىرىدىن ئىبارەت. ئادەت تەتقىقاتچىسى جېيسن ھىرىھانىڭ ئېيتقىنىدەك:«ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتساق، ئادەتلەر — ئۆزىمىز بار مۇھىتتا تەكرار كۆرىلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئاددىي، ئىشەنچلىك چارىلەردۇر.»

ئادەتلەر شەكىللىنىش جەريانىدا مېڭىدىكى (نېرۋىلارنىڭ) ھەرىكەت سەۋىيەسى ئازىيىدۇ. (بىر ئىشقا ئادەتلەنگىنىڭىزدە، ئۇ ئىشنى پۈتكۈزۈشتە) ئىشقا يارايدىغان يىپ ئۇچلىرىغىلا ئېسىلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا بارچە ئۇسۇل ـ چارىلەرنى نەزەرگە ئالمايسىز. كەلگۈسىدە ئوخشاش ئەھۋال كۆرۈلگەندە، قايسى ئۇسۇلنى قوللىنىشنى بەك ئېنىق بىلىسىز. ئۇ مەسىلىنى قايسى ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن مەسىلىنى ھەر قايسى نۇقتىدىن ئانالىز قىلىپ ئولتۇرۇشقا ھېچبىر ھاجىتىڭىز قالمايدۇ. مېڭىڭىز تەجرىبە قىلىش جەريانى ۋە كۆرۈلىدىغان خاتالىقلار ھەققىدە مەشغۇلات قىلىشتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، «بۇ خىل مەسىلىگە ماۋۇ خىل چارە بار» تىپىدىكى بىر ئەقلىي قائىدىنى بەرپا قىلغان بولىدۇ. (ئادەتتىن ئىبارەت بۇ خىل) كالىلىغا ئورنىغان يول خەرىتىسىگە شەرت ـ شارائىتلار توغرا كەلگەن ھەر قانداق پەيتتە (مېڭە ئانالىز قىلىپ يۈرمەيلا ئۇدۇل) ئەگىشىدۇ. (يۇقىرىدا قايغۇلانغان چېغىڭىزدا يۈگۈرسىڭىز قايغۇڭىزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىغىنىڭىزنى، پۈتۈن كۈن ئىشلەپ ھېرىپ كەتكىنىڭىزدە ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئوينىسىڭىز ھاردۇقىڭىز چىقىپ راھەتلەپ قالغىنىڭىزنى بايقىغىنىڭىزنى ئېيتقان ئىدۇق.) ئاقىۋەتتە، (ئادەتنىڭ كۈچى سەۋەبلىك) ناۋادا ئىشلاردىن بېسىم ھېس قىلسىڭىز تەبئىي رەۋىشتىلا يۈگۈرۈش ئىنتىلىشىدە بولىسىز. ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرگەن ھامان، ئېلترونلۇق ئويۇنچۇق كونترول تۇتقۇچىنى قولىڭىزغا ئالىسىز. ئىلگىرى (مۇئەييەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرمىگەن چاغلىرىڭىزدا) ئانالىز تەلەپ قىلىنىدىغان تاللاشلارنى (ئادەت شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن ئانالىز قىلىش باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ) ئاپتوماتىكلا ئىجرا قىلىسىز. مانا شۇنداق قىلىپ، يېڭى بىر ئادەتنى شەكىللەندۈرىسىز.

ئادەتلەر — تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئۆگىنىلگەن ئەقلىي قىسقا يوللاردۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، ئادەت دېگەن ئۆتمۈشتىكى بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرى ئۆزىڭىز قوللانغان قەدەم ـ باسقۇچلارنىڭ خاتىرىسىدۇر. شەرت ـ شارائىتلار ئۇدۇل كەلگەنلىكى ھەر قانداق پەيتتە، سىز ئاشۇ خاتىرىڭىزنى ئوخشاش ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىسىز. مېڭىنىڭ ئۆتمۈشنى خاتىرىلىۋېلىشتىكى ئانا سەۋەبى — كەلگۈسىدە نېمىنىڭ ئىشقا يارايدىغانلىقىنى ئالدىن دەپ بېرىش ئۈچۈندۇر.

ئادەت شەكىللەندۈرۈش ئىنتايىن پايدىلىق، چۈنكى ئويغاق ئاڭ (counscious mind) مېڭىنىڭ ئالدى ھويلىسىدۇر. ئويغاق ئېڭىمىز بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا مەسىلىگە مەركەزلىشەلەيدۇ. بۇ ۋەجىدىن، مېڭىڭىز دائىما ئويغاق ئېڭىڭىزنى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئويغاق ئېڭىڭىز پۇرسەت بولسىلا ۋەزىپىلەرنى ئۇيقۇدىكى ئېڭىڭىزنىڭ (nonconscious mind) بىر تەرەپ قىلىشىغا ئىتتىرىپ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. مانا بۇ بىر ئادەت شەكىللەندۈرۈلگەندە (مېڭىدە) نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنىڭ قىسقا چۈشەندۈرۈلىشىدۇر. ئادەتلەر دىققىتىڭىزنى باشقا ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرەلىشىڭىز ئۈچۈن ئەقلىي يۈكىڭىزنى (cognitive load) ئازايتىپ، زېھنىي كۈچىڭىزنى (mental capacity) بېسىمدىن ساقلاپ قالىدۇ.


ئادەتلەرنىڭ جانغا ئەسقاتىدىغانلىقىغا قارىماي، بەزى كىشىلەر تېخىچە ئادەتلەرنىڭ پايدىلىرىدىن گۇمانلىنىدۇ. ئۇلار مۇنداق سوئال قويىشىدۇ: «ئادەتلەر ھاياتىمنى مەنىسىزلەشتۈرۈۋېتەرمۇ؟ ئۆزۈمگە ئۆزۈم ھوزۇر ھالالمايدىغان ھايات شەكلىنى زورلاپ تاڭغۇم يوق. ھەممە ئىشتا بىر ئادەت-مىزان بەلگىلىۋېلىش، كىشىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە ھاياتتىكى تەبىئىيلىكنى يوق قىلىۋېتەرمۇ؟» ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ خىل سوئاللار خاتا ھالدىكى قارشىلاشتۇرۇۋېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل سوئاللىرى سىزنى ئادەت شەكىللەندۈرۈش بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل يولدىن بىرىنى تاللىشىمىز كېرەك ئىكەن دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ھەقىقەتتە بولسا، ئادەت شەكىللەندۈرۈش بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشىش بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى خىل ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتلەر ئەركىنلىكنى چەكلىمەيدۇ. ئادەتلەر ئەركىنلىك شەكىللەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەت شۇكى، ئادەت شەكىللەندۈرمىگەن كىشىلەر ئەڭ ئاز ئەركىنلىككە ئىگە ئىنسانلاردۇر. سىز ياخشى رەۋىشتىكى ئىقتىساد باشقۇرۇش ئادىتىگە ئىگە بولمىسىڭىز، ئۆمۈرۋايەت چاپىنىڭىز تىزىڭىزدىن ئاشماي ئۆتۈپ كېتىسىز. ياخشى رەۋىشتىكى ساسالامەتلىكنى قوغداش ئادەتلىرىڭىز بولمىسا، دائىملا ئۆزىڭىزنى ھالسىز ھېس قىلىسىز. ياخشى رەۋىشتىكى ئۆگىنىش ئادىتىڭىز بولمىسا، دائىملا ئۆزىڭىزنى زاماننىڭ تەرەققىياتى قەدىمىگە ماسلىشالمىغاندەك ھېس قىلىسىز. ئەگەر سىزنىڭ ئاددىي ۋەزىپىلەرنى پۈتتۈرۈش جەھەتتىمۇ — مەسىلەن، بەدەن چېنىقتۇرۇش زالىغا قاچان بارسام بولار، يېزىقچىلىق مەشغۇلاتىمنى نەگە بېرىپ قىلسام بولار؛ ئايلىق توك، سۇ، گاز... چىقىملىرىمنى قاچان تۆلىسەم بولار، دېگەندەك ئىشلاردىمۇ — دائىملا زورۇقۇپ يۈرۈپ قارار چىقىرىدىغان ئادىتىڭىز بولسا، ئۇ ھالدا ئەركىنلىك ئۈچۈن بەك ئاز ۋاقتىڭىز قالىدۇ. ھاياتلىقىڭىز ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مۇھىم ئاساسلارنى ئاسانلاشتۇرۇش ئارقىلىقلا، ئاندىن ئەركىن تەپەككۇر ۋە ئىجادچانلىق ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان زېھنىي بوشلۇقنى يارىتالايسىز.

قارشى نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، سىزنىڭ مۇقىم ئادەتلىرىڭىز ۋاقتى-قارايىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ھاياتىڭىزدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى توغرا رەۋىشتە ھەل قىلغىنىڭىزدا، كاللىڭىز تەبىئىي رەۋىشتە يېڭى خىرسلارغا تاقابىل تۇرۇشقا، شۇنداقلا كۆز ئالدىڭىزدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقىشقا مەركەزلىشەلەيدۇ. ھازىر شەكىللەندۈرگەن (ياخشى) ئادەتلىرىڭىز كەلگۈسىدە قىلىشنىڭ ئارزۇلىغان ئىشلارنى قىلالىشىڭىزنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ئادەتلەرنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى پىرىنسىپ

ئادەت شەكىللەندۈرۈش باسقۇچلىرىنى «ئىشارەت، ئىستەك، ئىنكاس ۋە مۇكاپات»تىن ئىبارەت تۆت ئاددىي باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئادەت شەكىللەندۈرۈش باسقۇچلىرىنى بۇ شەكىلدە بۆلۈۋېلىشىمىز ئادەتنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئادەتنى قانداق كۈچلەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.




5-رەسىم: بارچە ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى «ئىشارەت، ئىستەك، ئىنكاس ۋە مۇكاپات»تىن ئىبارەت تۆت جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ

مانا بۇ تۆت باسقۇچ ھەر قانداق ئادەتنىڭ ئاساسىي ئومۇرتقىسى ھېسابلىنىدۇ. مېڭىڭىز ھەر قېتىم مۇشۇ باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

ئادەت شەكىللەندۈرۈشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى: ئىشارەت. ئىشارەت بىر ئادەتنى باشلاش ئۈچۈن مېڭىڭىزنى غىدىقلايدۇ. ئىشارەت — مۇكاپاتتىن ئالدىن خەۋەر بېرىدىغان بىر مىقدار ئۇچۇردىن ئىبارەت. ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردە ياشىغان ئاتا-بوۋىلىرىمىز يېمەك-ئىچمەك، سۇ ۋە جىنسىي ئېھتىياج تاتارلىق بىرلەمچى مۇكاپاتلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىشارەتلەرگە دىققەت نەزىرىنى بەرگەن. كۈنىمىزدە بولسا ۋاقتىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى پۇل ياكى شان-شۆھرەت، كۈچ ۋە مەنسەپ-مەرتىۋە، ماختاش ۋە تەقدىرلەش، مۇھەببەت ۋە دوستلۇق، ياكى بىرەر ھېسسىي رازىمەنلىك دېگەندەك ئىككىلەمچى مۇكاپاتلارنىڭ ئىشارەتلەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزىۋاتىمىز. (ئەلۋەتتە، بۇ خىل قوغلىشىشلىرىمىز ۋاستىلىك ھالدا بىزنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە ئىشلەپچىقىرىش پۇرسەتلىرىمىزنىڭ يۇكسىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.)

مېڭىڭىز مۇكاپاتنىڭ يېرىگە ئالاقىدار يىپ ئۇچلىرىنى تېپىش ئۈچۈن ئىچكى ۋە تاشقى مۇھىتىڭىزغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى توختىماستىن ئانالىز قىلىدۇ. چۈنكى، ئىشارەت بىر مۇكاپاتقا يېقىن ھالدا ئىكەنلىكىمىز توغرىسىدىكى تۇنجى كۆرسەتكۈچتۇر. ئىشارەت تەبىئىي رەۋىشتە ئىستەكنى ئويغىتىدۇ.

ئادەت شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى: ئىستەك. ئىستەك ھەر قانداق ئادەتنىڭ ئارقىسىدىكى ئىلھاملاندۇرغۇچى كۈچتۇر. مەلۇم دەرىجىدىكى ئىلھاملاندۇرغۇچى كۈچ ياكى ئارزۇ بولمىغاندا — بىر ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن ئىستىكىمىز بولمىغاندا — ھەرىكەتكە ئۆتۈش سەۋەبىمىز بولمايدۇ. سىزنىڭ ئىستىكىڭىز بولغان ئىش ياكى نەرسە ئادەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھالەت ئۆزگىرىشىدۇر. ئەسلىدە بەڭگى تاماكا چېكىشنىڭ ئۆزىگە ئىستىكى بولمايدۇ، ھالبۇكى تاماكا

چەككەندىكى ئاتالمىش راھەتلىنىش تۇيغۇسىغا ئىستىكى بولىدۇ. سىزنى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزىدىغىنى چىش چوتكىلاشنىڭ ئۆزى ئەمەس، ھالبۇكى پاكىز ئېغىز بوشلۇقى سىزگە ئېلىپ كېلىدىغان خۇش تۇيغۇ سىزدە چىش چوتكىلاش ئىستىكى پەيدا قىلىدۇ. تېلۋىزورنى ئېچىش سەۋەبىڭىز پەقەتلا كۆڭۈل ئېچىش ئىستىكىڭىز سەۋەبلىكتۇر. (سىزنى تېلېۋىزورغا باغلىغان نەرسە ھەرگىز تېلېۋىزورنىڭ ئۆزى ئەمەس.) سىزدىكى ھەر بىر ئىستەك ئۆزىڭىزدىكى ئىچكى ھالىتىڭىزنى ئۆزگەرتىش تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئالدىمىزدىكى باپلاردا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىمىز.

ئىستەك ھەر خىل كىشىدە ھەر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. نەزىرىيىۋىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر ئۇچۇر بىر ئىستەكنى قوزغىتالايدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە، ھەممىلا كىشى ئوخشاش بىر خىللا ئىشارەت سەۋەبلىك ئىلھاملىنىۋەرمەيدۇ. بىر قىمارۋازغا نىسبەتەن، قىمار ماشىنىسى چىقىرىدىغان ئاۋاز ئۇنىڭ قىمار ئويناش ئىستىكىنى مىسلىسىز دەرىجىدە قوزغىتىۋېتىدىغان بىر قوزغاتقۇچى بولالىشى مۇمكىن. لېكىن، كەمدىن كەم قىمار ئوينايدىغان كىشىگە نىسبەتەن قىمار مەيدانىدىكى جىرىڭشىش ۋە شاراقشى ئاۋازلىرى پەقەت قىمار ماشىنا ئۇسكىنىلىرىنىڭ ئارىسىدىن كېلىۋاتقان شاۋقۇن-سۈرەندىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىشارەتلەر تاكى بىرەر مەنىگە ۋەكىللىك قىلمىغۇچە ھېچقانداق مەنىگە ئىگە بولمايدۇ. كۆزەتكۈچىنىڭ خىياللىرى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرى ئىشارەتنى ئىستەككە ئايلاندۇرغۇچى ئامىلدۇر.

ئادەت شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى: ئىنكاس قايتۇرۇش. ئىنكاس قايتۇرۇش سىز ئوتتۇرىغا چىقارغان ھەقىقىي ئادەتتۇر. ئىنكاس پىكىر ياكى ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنكاسنىڭ شەكىللىنىش شەكىللەنمەسلىكى قانچىلىك رىغبەتكە ئىگە بولغىنىڭىزغا، شۇنداقلا قوللىنىشىڭىز كېرەك بولغان ھەرىكەتنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىگە باغلىق. ناۋادا مۇئەييەن بىر ئىشقا كېتىدىغان كۈچ سىز ئالدىن پەرەز قىلىنغان بەدەن كۈچى ياكى زېھنىي كۈچتىن تېخىمۇ ئۈستۈن بولغان كۈچنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ھالدا سىز ئۇ ئىشنى قىلمايسىز. سىز قايتۇرىدىغان ئىنكاس يەنە سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزغىمۇ باغلىق. بۇ قارىماققا ئاددىي گەپتەك بىلىنىشىدۇ، لېكىن بىر ئادەت پەقەتلا سىز ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا قادىر بولالىغىنىڭىزدىلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. سىز ۋاسكېتبول چەمبىرىكىگىچە سەكرەپ چىقىپ ۋاسكىتبولنى چەمبىرەككە بېسىم بىلەن سولاشنى ئارزۇلىسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېگىزگە سەكرەش ئىقتىدارىڭىز يۇقىرى بولمىسا، ئۇ ھالدا سىزنىڭ بۇ جەھەتتە تەلىيىڭىز يوق دېگەن گەپ.


ئاقىۋەتتە، ئىنكاس قايتۇرۇش مۇكاپاتنى ئېلىپ كېلىدۇ. مۇكاپاتلار ھەر بىر ئادەتنىڭ ئاخىرقى نىشانىدۇر. ئىشارەت مۇكاپاتنى پەرق ئېتىش دېمەكتۇر. ئىستەك مۇكاپاتنى ئارزۇلاش دېمەكتۇر. ئىنكاس قايتۇرۇش بولسا مۇكاپاتقا ئېرىشىشتۇر. مۇكاپاتلار ئىككى نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى قوغلىشىمىز: (1) بىزنى رازى قىلىدۇ (2) بىزگە ئۆگىتىدۇ.

مۇكاپاتلارنىڭ بىرىنچى مەقسىتى سىزنىڭ ئىستىكىڭىزنى قاندۇرۇشتۇر. شۇنداق، مۇكاپاتلار ئۆز ئالدىغا پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. يېمەكلىك ۋە سۇ سىزنى ھايات قېلىشىڭىز ئۈچۈن ئېھتىياجىڭىز بولغان

ئېنىرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھوقۇقىڭىزنىڭ ئۆسۈشى سىزگە تېخىمۇ كۆپ پۇل ۋە ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ. بەدەن شەكلىڭىزنى ئەسلى (دىكى ساغلام) ھالىتىدە ساقلاپ قېلىش تەن سالامەتلىكىڭىزنى شۇنداقلا قارشى جىنس بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېقىنلىشىشىڭىزنى ياخشىلايدۇ. بىراق مۇكاپاتنىڭ تېخىمۇ تېز ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتى — يەپ-ئىچىش، مەنسەپ-مەرتىۋىگە ئىگە بولۇش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشكە ئېرىشىش ئېستىكىڭىزنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مۇكاپاتلار ئەڭ كەمدە مەلۇم بىر پەيت ئىچىدىكى رازىمەنلىك ۋە ئېستەكنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى روياپقا چىقىرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، مۇكاپاتلار بىزگە قايسى ھەرىكەتلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئەسلىنىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. سىزنىڭ مېڭىڭىز مۇكاپات ئىزدەش ئەسۋابىدۇر. سىز ھاياتىڭىزنى داۋاملاشتۇرغىنىڭىزدا سىزنىڭ تۇيغۇلىرىڭىزغا ئالاقىدار نېرۋا سىستېمىڭىز قايسى ھەرىكەتلەرنىڭ سىزنىڭ تەلەپلىرىڭىزنى قاندۇرالايدىغانلىقىنى ۋە سىزگە ھوزۇر ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى توختاۋسىز رەۋىشتە كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ھوزۇر ھېسلىرى ۋە ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى مېڭىڭىزنىڭ كېرەككە كېلىدىغان ھەرىكەتلەرنى كېرەككە كەلمەيدىغان ھەرىكەتلەردىن ئايرىۋېلىشىڭىزغا ياردەمچى بولىدىغان ئىنكاس سىستېمىڭىزنىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇكاپاتلار ئىنكاس بىلدۈرۈش چەمبىرىكىنى ئېتىپ تاشلايدۇ، شۇنداقلا ئادەت چەمبىرىكىنى تاماملايدۇ.

ئەگەر بىر قىلمىش يۇقىرىقى تۆت باسقۇچلۇق ئادەت شەكىللەندۈرۈش باسقۇچلىرىنىڭ قايسى بىرىدە يېتەرسىز بولسا، ھەرگىزمۇ ئادەتكە ئايلىنالمايدۇ. (مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدىكى) ئىشارەتنى يوق قىلسىڭىز، ئۇ جەھەتتە سىزدە ئەسلا بىرەر ئادەت شەكىللەنمەيدۇ. ئېستەكنى ئازايتسىڭىز ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە بولغان يېتەرلىك دەرىجىدىكى رىغبىتىڭىز بولمايدۇ. قىلمىشنى تەسلەشتۈرۈۋەتسىڭىز ئۇ قىلمىشنى روياپقا چىقىرىشقا قادىر بولالمايسىز. ئەگەر مۇكاپات سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى قاندۇرالمىسا، ئۇ ھالدا سىزدە ئۇ ئىشنى كەلگۈسىدە قايتا قىلىشقا ھېچقانداق سەۋەب قالمايدۇ. تۆنجى ئۈچ قەدەم روياپقا چىقماي تۇرۇپ ئادەت ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. تۆت قەدەمنىڭ ھەممىسى بېسىلمىغان تەقدىردە، بىر قىلمىش قايتىلانمايدۇ.




ئالتىنچى رەسىم: ئىنكاس قايتۇرۇش دەۋرىيلىكى ئادەتنىڭ تۆت باسقۇچىنى ئەڭ ياخشى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ. ئادەتنىڭ تۆت باسقۇچى چەكسىز دەۋرىيلىك شەكىللەندۈرىدۇ، سىز هاياتلا بولىسىڭىز بۇ باسقۇچلار بىر دەقىقىمۇ توختاپ قالمايدۇ. بۇ «ئادەت دەۋرىيلىكى» مۇهىتنى توختىماي قېدىرىپ تۇرىدۇ، كېيىنكى قەدەمدە نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىدۇ، ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى سىناپ باقىدۇ، شۇنداقلا چىققان نەتىجىدىن ساۋاق ئالىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتساق، ئىشارەت ئىستەكنى قوزغىتىدۇ، ئىستەك قايتۇرما ئىنكاسنى هەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ، قايتۇرما ئىنكاس مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرىدۇ، مۇكاپات ئىستەكنى قاندۇرىدۇ، ئاقىۋەتتە، ئىشارەت بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ تۆت باسقۇچ بىرلەشكەندە ئاقىۋەتتە ئاپتوماتىك ئادەتلەرگە ئىگە بولۇشىڭىزنى روياپقا چىقىرىدىغان «ئىشارەت، ئىستەك، ئىنكاس، مۇكاپات، ئىشارەت ئىستەك، ئىنكاس، مۇكاپات» شەكلىدىكى نېرۋا خاراكتېرلىك قايتۇرما ئىنكاس دەۋرىيلىكى  شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ چەمبەر «ئادەت دەۋرىيلىكى» دېيىلىدۇ.

بۇ تۆت جەريان ئاندا-ساندا يۈز بېرىپ قويىدىغان جەريان ئەمەس. هالبۇكى، بۇ تۆت جەريان سىز هايات ياشاۋاتقانلىقى هەر بىر دەقىقىدە — مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىدىمۇ هەم — ئاكتىپ هالەتتە ئىشلەپ

تۇرۇۋاتقان چەكسىز قايتۇرما ئىنكاس چەمبىرىكىدۇر. مېڭە توختاۋسىز رەۋىشتە ئەتراپىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، كېيىنكى قەدەمدە نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرىدۇ، مەسىلىلەرگە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى قايتۇرۇش ھالىتىدە، شۇنداقلا نەتىجىدىن ساۋاق چىقىرىش ھالىتىدە بولىدۇ. تۆت جەريان بىر سېكونت ئىچىدە تاماملىنىدۇ. بىز ئالدىنقى بىر سېكونتتا نىقتالىغان ھېچبىر نەرسىنى سەزمىگەن ھالدا بۇ تۆت باسقۇچنى چەكسىز رەۋىشتە (دەۋرىي ھالدا) ئىشلىتىشنى داۋام قىلىمىز.

بۇ تۆت باسقۇچنى «مەسىلە بۆلىكى ۋە ھەل قىلىش بۆلىكى»دىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلە بۆلىكى ئىشارەت ۋە ئىستەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلە بۆلىكى بىر ئىشنىڭ ياكى نەرسىنىڭ ئۆزگىرىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىڭىزدا بولىدۇ. ھەل قىلىش بۆلىكى قايتۇرما ئىنكاسنى ۋە مۇكاپاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەل قىلىش بۆلىكى ھەرىكەتكە ئۆتكىنىڭىزدە ۋە ئۆزىڭىز ئارزۇلىغان ئۆزگىرىشنى ھاسىل قىلالىغىنىڭىزدا بولىدۇ.

بارچە قىلمىشلار بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئارزۇسىنى مەنبە قىلغان بولىدۇ. بەزى چاغدا، بىر نەرسىنىڭ\ ياكى بىر ئىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغىنىڭىز مەسىلىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. بەزى چاغلاردا ئازابقا دۇچ كەلگىنىڭىز ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولغىنىڭىز مەسىلىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. قايسى خىل ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر ئادەتنىڭ مەقسىتى ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتۇر.

كېيىنكى بەتتىكى جەدۋەلدە بۇلارنىڭ رېئال ھاياتتا قانداق كۆرىنىدىغانلىقىغا ئالاقىدار ئۆرنەكلەر مەۋجۇت.

قاراڭغۇ بىر ئۆيگە كىرىپ چىراغ تۈگمىسىنى باسقىنىڭىزنى خىيال قىلىڭ. بۇ ئاددىي ئادەتنى شۇ قەدەر كۆپ تەكرارلايسىزكى، سىزنىڭ چىراغ تۈگمىسىنى بېسىش ھەرىكىتىڭىز سىز ئويلاپمۇ يۈرمەستىن ئەمەلىيىتىڭىزدە ئىجرا قىلىنىدۇ. بىر سېكونتنىڭ ئوندىن بىرىچىلىك كەلگۈدەك ۋاقىت بۆلىكىدە تۆت باسقۇچنىڭ ھەممىسىنى تاماملاپ بولىسىز. ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئارزۇسى سىز ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا ئاپتوماتىك يېتىپ كېلىدۇ.

قورامىغىمىزغا يەتكەن چېغىمىزدا، بىزنىڭ ھاياتىمىزنى يۈرۈشتۈرۈۋاتقان ئادەتلەرگە كەمدىن كەم نەزەر سالىدىغان بولىمىز. كۆپىنچىمىز ھەر ئەتىگىنى ئاياق بوغۇچىمىزنى. ھېچقانداق قىينىچىلىقسىزلا بوغۇش، توك قازانىنى ئىشلىتىپ بولۇپ، ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ئاساستا ئۇنىڭ توك سىمىنى ئېلىۋېتىش، ياكى ئىشتىن قايتقىنىمىزغا ئۇچىمىزدىكى كىيىملىرىمىزنى راھەت كىيىملەرگە ئالماشتۇرۇۋېتىش دېگەن ئىشلارنى قىلغاندا ئەسلا ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا قىلىۋېرىمىز. ئون نەچچە يىللىق زېھني پروگراممىلاش نەتىجىسىدە يۇقىرىقى ھەرىكەت شەكىللەرنى ئاپتوماتىك ھالدا ئورۇنلايمىز.

| 1. ئىشارەت | 2. ئىستەك | 3. ئىنكاس | 4.مۇكاپات |
|---|---|---|---|
| مەسىلە بۆلىكى | | ھەل قىلىش بۆلىكى | |
| تېلېفونىڭىزغا ئۇچۇر كەلگەنلىكى ئۈچۈن تېلېفونىڭىز سايرايدۇ. | ئۇچۇر مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولماقچى بولىسىز. | تېلېفونىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئۇچۇرنى ئوقۇيسىز. | ئۇچۇرنى ئوقۇش ئىستىكىڭىزنى قاندۇرىسىز. تېلېفونىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىشىڭىز بىلەن تېلېفونىڭىزنىڭ سايرىشى ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇلدى. |
| ئۆزىڭىزگە كەلگەن ئېلخەتكە جاۋاپ يېزىۋاتىسىز. | خىزمەت بېسىمىم ئېغىرلىقىنى، خىزمەت ئالدىراشچىلىقى تۈپەيلىدىن ھېرىپ-چارچاپ كېتىۋاتىمەن دەپ ھېس قىلىشقا باشلىدىڭىز. كونتروللىنىڭ ئۆز قولىڭىزدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغۇڭىز كېلىدۇ. | تىرناقلىرىڭىزنى چىشلىدىڭىز. | بېسىمنى ئازايتىش ئارزۇيىڭىزنى قاندۇردىڭىز. تىرناق چىشلەش بىلەن ئېلخەتكە جاۋاپ يېزىش ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇلدى. |
| ئۇيقۇدىن ئويغاندىڭىز. | ئۇيقۇلۇق ھالەتتە ئەمەس، تېتىك ھالەتتە بولۇشنى خالىدىڭىز. | بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچتىڭىز. | تېتىك ھالەتتە بولۇش ئىستىكىڭىزنى قاندۇردىڭىز. قەھۋە ئىچىش ئويغىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلەشتى |
| ئىشخانىڭىزنىڭ يېنىدىكى كوچىدا كېتىۋاتقىنىڭىزدا قۇيماق بوتكىسىدىن كېلىۋاتقان مېزىلىك قۇيماق پۇرىقى دىمىڭىزغا ئۇرۇلدى. | قۇيماق يېگۈڭىز كەلدى. | قۇيماقتىن بىرنى سېتىۋېلىپ يېدىڭىز. | قۇيماق يېيىش ئىستىكىڭىزنى قاندۇردىڭىز. قۇيماق سېتىۋېلىشىڭىز بىلەن ئىشخانىڭىزنىڭ يېنىدىكى كوچىدىن مېڭىشىڭىز ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇلدى. |
| بىر خىزمەت تۈرىنى ئىشلەۋاتقىنىڭىزدا ئالدىڭىزغا بىر قىيىنچىلىق چىقتى. | قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىڭىزنى ھېس قىلدىڭىز ۋە بۇ جەھەتتىكى بېئارامچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى خالىدىڭىز. | تېلېفونىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئاممۇۋي مېدىيالاردا لاغايلاشقا چۈشتىڭىز. | بېئارامچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئىستىكىڭىزنى قاندۇردىڭىز. ئاممۇۋي مېدىيالاردا لاغايلاش بىلەن خىزمەتتە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىش ئارىسىدا مۇناسىۋەت قۇرۇلدى. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بىر قاراڭغۇ ئۆيگە كىردىڭىز. | ئۆينىڭ ئىچىدىكىلەرنى كۆرەلەشنى خالىدىڭىز. | لامپۇچكا تۈگمىسىنى باستىڭىز. | ئۆي ئىچىنى كۆرەلەش ئېستىكىڭىزنى قاندۇردىڭىز. لامپۇچكا تۈگمىسىنى بېسىش بىلەن قاراڭغۇ ئۆي مۇناسىۋەتلەشتى. |

**قىلمىش ئۆزگىرىشىنىڭ تۆت قائىدىسى**

تۆۋەندىكى بۆلۈملەردە ئىشارەت، ئىستەك، ئىنكاس ۋە مۇكاپات جەريانلىرىنىڭ ئومۇمەن بىز قىلغان ھەر ئىشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغىنىنى يېنىش-يېنىشلاپ ئۇچرىتىمىز. بىراق، بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال، بىز بۇ تۆت قەدەم باسقۇچنى ياخشى ئادەتلەرنى بەرپا قىلىپ، ناچار ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاشتا ئۆزىمىز ئىشلىتەلەيدىغان قوللىنىشچان قېلىپ ھالىتىگە ئەكىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر.

مەن بۇ قېلىپنى «قىلمىش ئۆزگىرىشىنىڭ تۆت قائىدىسى» دەپ ئاتىدىم. بۇ قېلىپ بىزنى ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ناچار ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاشتا بىر يۈرۈش ئاددىي قائىدىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. سىز ھەر بىر قائىدىنى ئىنسانلارنىڭ قىلمىشىنى ئۆزگەرتىدىغان پىشاڭ دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ. پىشاڭ توغرا ئورۇندا تۇرسا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشتە كۆچەپ يۈرۈش كەتمەيدۇ. پىشاڭ خاتا ئورۇندا تۇرغاندا بولسا، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش ئومۇمەن مۇمكىن بولمايدۇ.

| **ياخشى ئادەتنى قانداق يېتىلدۈرىمىز** |
|---|
| **بىرىنچى قائىدە — (ئىشارەت): كۆزگە چېلىقىدىغان قىلىڭ** |
| **ئىككىنچى قائىدە — (ئىستەك): جەلپ قىلىدىغان قىلىڭ** |
| **ئۈچىنچى قائىدە — (ئىنكاس): ئاسانلاشتۇرۇڭ** |
| **تۆتىنچى قائىدە — (مۇكاپات): رازىمەنلىك بېغىشلىيالايدىغان قىلىڭ** |

ئەمدى بىز يامان ئادەتتىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يۇقارقى قائىدىلەرنى تەتۈرگە ئىشلىتىمىز

| بىرىنچى قائىدە — (ئىشارەت): كۆزگە چېلىقمايدىغان قىلىش |
| --- |
| ئىككىنچى قائىدە — (ئىستەك): جەلپ قىلمايدىغان قىلىش |
| ئۈچىنچى قائىدە — (ئىنكاس): تەسلەشتۈرۈش |
| تۆتىنچى قائىدە — (مۇكاپات): رازىمەنلىك بېغىشلىيالمايدىغان قىلىش |

ئەگەر مەن «يۇقىرىقى تۆت قائىدە كىشىنىڭ ھەر قانداق قىلمىشىنى ئۆزگەرتىشتە ئۇزۇل-كېسىل ئىجابىي رول ئوينايدىغان قېلىپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ داۋا قىلسام، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىمەن. ئەمما، بۇ قېلىپلار بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ياخشى ئىجابىي رول ئوينىيالايدۇ، دېيەلەيمەن. ئالدىمىزدىكى مەزمۇنلاردا كۆرىدىغىنىڭىزدەك، قىلمىش ئۆزگەرتىشتىكى بۇ تۆت قائىدىنى ھەممىلا ساھەلەرگىچە — تەنھەرىكەتتىن سىياسەتكىچە، سەنئەتتىن مېدىتسىناغىچە، كومپىدىيەدىن باشقۇرۇشقىچە — ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەيلى قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىڭىزدىن قەتئىينەزەر بۇ تۆت قائىدىنى ئوخشاشلا ئىشلىتەلەيسىز.

قاچانلىكى قىلمىشىڭىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزدىن مۇنۇ تۆت ئادىي سوئالنى سورىسىڭىز بولىدۇ:

1. مەن ئۇ ئىشنى قانداق قىلىپ كۆزگە چېلىقىدىغان قىلالايمەن؟
2. مەن ئۇ ئىشنى قانداق قىلىپ جەلپكارلاشتۇرالايمەن؟
3. مەن ئۇنى قانداق قىلىپ ئاسانلاشتۇرالايمەن؟
4. مەن ئۇنى قانداق قىلىپ مېنى رازى قىلىدىغان قىلالايمەن؟

ئەگەر سىز ئۆز ئۆزىڭىزدىن «نېمىشقا قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقان ئىشىمنى قىلمايمەن؟ نېمىشقا ئورۇقلىمايمەن، ياكى نېمىشقا تاماكا تاشلىمايمەن؟ ياكى نېمىشقا پېنسىيە ھاياتىم ئۈچۈن پۇل يىغمايمەن، ياكى نېمىشقا بىر قوشۇمچە خىزمەت بىلەن شۇغۇللانمايمەن؟ ياكى نېمىشقا ئاشۇ ئىشنىڭ مۇھىملىكىنى ئېيتىمەنيۇ، ئۇ ئىش ئۈچۈن ئەسلا ۋاقىت ئاجرىتالمايمەن» دېگەن سوئاللارنى سورىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا بۇ سوئاللىرىڭىزنىڭ جاۋابى مۇشۇ تۆت قائىدىدىن تېپىلىدۇ. ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ناچار ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاشنىڭ ئاچقۇچى — بۇ ئۇل خاراكتېرلىك قائىدىلەرنى ۋە ئۇ قائىدىلەرنى ئۆزىڭىزگە يارىشا قانداق ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەكلىكىڭىزنى بىلەلىشىڭىزگە باغلىق. ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە زىت بولغان ھەر قانداق غايە ئەمەلگە ئاشماسلىق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

سىزنىڭ ئادەتلىرىڭىز ھاياتىڭىزدىكى سېستىما تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلگەن بولىدۇ. كېيىنكى باپلاردا، بىز بۇ تۆت قائىدىنى- بىرمۇ بىر مۇھاكىمە قىلىمىز، شۇندىلا ياخشى- ئادەتلەر تەبئىيلا شەكىللىنىدىغان، ناچار ئادەتلەر كۆزدىن يوقىلىدىغان بىر سېستىما يارىتىشتا بۇ تۆت قائىدىنى قانداق ئىشلىتىشنى ھوزۇرىڭىزغا سۇنىمىز.

<u>باپ خۇلاسىسى</u>

* يېتەرلىك رەۋىشتە تەكرارلانغان بىر قىلمىش ئاپتوماتىكلىشىپ كېتىدۇ.

* ئادەتلەرنىڭ ئاداققى غايىسى — ھاياتىمىزدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا كېتىدىغان ئېنېرگىيە ۋە تىرىشچانلىقلارنى مۇمكىنقەدەر ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت.

* ھەر قانداق ئادەت مۇنۇ تۆت باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قايتۇرما ئىنكاس دەۋرىيلىكىگە ئايرىلىدۇ: ئىشارەت، ئىستەك، ئىنكاس ۋە مۇكاپات.

* «قىلمىش ئۆزگىرىشىنىڭ تۆت قائىدىسى» بىزنى ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ناچار ئادەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاشتا بىر يۈرۈش ئاددىي قائىدىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ تۆت قائىدە مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) كۆزگە چېلىقىدىغان قىلىڭ (2) جەلپكار قىلىڭ (3) ئاسانلاشتۇرۇڭ (4) رازىمەنلىك بېغىشلىيالايدىغان قىلىڭ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# ئامېرىكا-ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى ھەققىدە

# ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى ھەققىدە

(ئەلجەزىرە قانىلىدىكى سۆھبەت)

جوۋ بايدىن: بىز ئىسرائىل بىلەن بىر سەپتە!

دونالد ترامپ: مەن ئىسرائىلىيەنى سۆيىمەن! مەن ئىسرائىلىيەنى سۆيىمەن!

باراك ئوباما: ئىسرائىلىيە بىلەن ئارىمىزدىكى رىشتە ئۈزۈلمەستۇر!

بىل كىلىنتون: مەڭگۈلۈك دوستلۇق!

رونالد رېگان: بىزنىڭ (ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان) مۇناسىۋىتىمىز ئىنتايىن مۇھىم.

بېنيامىن نېتانىياخۇ: بىز سىلەرمىز، سىلەر بىزدۇرسىلەر!

ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن پەۋقۇلئاددە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن يېقىندا بۇ مۇناسىۋەت ئالاھىدە دىققەت قوزغاشقا باشلىدى. خاماس 2023 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىسرائىلىيەگە ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، ئىسرائىلىيە غەززەگە ئۇرۇش ئاچتى.

ئامېرىكا ـ ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت كەم دېگەندە 75 يىللىق مۇرەككەپ تارىخقا ئىگە. ھالبۇكى، تۆۋەندىكى تۆت نۇقتا بىزنىڭ بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بىرىنچىسى، ئامېرىكا ئەڭ دەسلەپدىن باشلاپلا ئىسرائىلىيەنى قوللاپ كەلگەن. ئىسرائىلىيە 1948 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ كونتروللۇقىدىكى پەلەستىن زېمىنىدا ئۆزىنى دۆلەت دەپ ئېلان قىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا 700 مىڭدىن ئارتۇق پەلەستىن خەلقى ئۆز ۋەتىنىدىن قاچقان ياكى يۇرت ـ ماكانلىرىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇرلانغانىدى. ئامېرىكا ئىسرائىلىيەنىڭ مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان تۇنجى دۆلەت بولۇپ، ئىسرائىلىيە دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ 11 مىنۇتتىن كېيىنلا، ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمان ئامېرىكانىڭ ئىسرائىلىيەنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

يەھۇدىيلار ئۇچۇن دۆلەت قۇرۇش پىكرى شۇنىڭدىن ئىلگىرى نەچچە ئون يىل مابەينىدە ئىزچىل كۆچىيىپ كەلگەنىدى. بۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان «زىيونىزم» دەپ ئاتىلىدىغان ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىدى. زىيونىستلار «يەھۇدىي ۋەتىنى» قۇرۇشنى ئەسىرلەردىن بېرى دۇنيا مىقياسىدا ئېزىلىپ كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى، دەپ قارايتتى.

ساسېكس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىسرائىلىيە تەتقىقاتچىسى دېيۋىد تال (David Tal) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا زىيونىزم پىكرىنى ئەڭ دەسلىپىدىن باشلاپلا قوللىغان. شۇ ۋەجىدىن ئامېرىكانىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تۇنجى بولۇپ ئېتىراپ قىلىشى تولىمۇ نورمال ئىشتۇر.»

«ئوتتۇرا شەرق ئىنستىتۇتى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى خالىد ئېلگىندىي (Khaled Elgindy) مۇنداق دەيدۇ: «1930 ـ ۋە 1940 ـ يىللاردا زىيونىزم پروجېكتىغا بولغان ھېسداشلىق تولىمۇ كۈچلۈك بولدى. يەھۇدىي چوڭ قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن، بۇنىڭغا (يەھۇدىيلارغا بولغان) تولىمۇ كۈچلۈك ئىچ ئاغرىتىش قوشۇلدى ـ دە، بۇ غەربنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ يەھۇدىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىشىغا شارائىت ھازىرلىدى.»

«كۇئىنسى مەسئۇلىيەتچان دۆلەت باشقۇرۇش ماھارىتى ئىنستىتۇتى»دىكى (Quincy Institute for Responsible Statecraft) ستىۋېن سايمون (Steven Simon) مۇنداق دەيدۇ: «يەنە بىر ئامىل شۇكى، پرېزىدېنت خارىي ترۇمان ئەينى چاغدا سايلامغا قاتنىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، رەقىبلىرىگە قارشى ئۇستۇنلۈككە ئېرىشىدىغان ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمايتتى.»

ھازىر ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە ئورتاق تەكىتلەۋاتقان نەرسىلەردىن بىرى «ئورتاق قىممەت قاراش»تۇر (shared value). گەرچە بۇ «قىممەت قاراش»لارنىڭ زادى نېمىلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىش مۇشكۈل بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن ئامېرىكالىق سىياسىيونلار ئىسرائىلىيە توغرىسىدا، دونالد ترامپقا ئوخشاشلا «ئوتتۇرا شەرقتىكى بىردىنبىر دېموكراتىك دۆلەت» دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللىنىشىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر «ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە دېموكراتىيەنىڭ ئۈرنەكلىرىدۇر» دېگەندەك گەپلەرنى تەنقىدلىشىدۇ. لېكىن، كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بۇ گەپنى توختىماي بازارغا سېلىشىدۇ.

باراك ئوباما مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا خىلمۇخىللىق بىلەن كۈچلەنگەن، ئېتىقاد بىلەن باياشاتلاشقان كۆچمەنلەر دۆلىتىدۇر. كارخانىچىلىق روھى ۋە ئىجادىيلىق بىزنىڭ ئېنىرگىيەمىزدۇر. دېموكراتىك ئالاقە ئۇسۇلى بىزنىڭ ئۇلۇق خۇسۇسىيىتىمىزدۇر. شۇنداقلا، بىز ئىسرائىلىيەدىمۇ مۇشۇ خىل قىممەت قاراشلارنى كۆرمەكتىمىز.»

«ئەلجەزىرە» تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ساھەسىدىكى تەھرىرى ئالېكس گاتوپوۋلوس (Alex Gatopoulos) مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆز ئارىسىدا بىر قاتار ئورتاق قىممەت قاراشلار بار دەپ قارايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ھالبۇكى، ئامېرىكا ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئورتاقلىق بار دەپ قارىمايدۇ. ئۇلار يەنە ئىسرائىلىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئىستىكى ئامېرىكانىڭكى بىلەن زور دەرىجىدە جىپسىلىشىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. مەنچە، بۇ ئۇلارنى يېقىنلاشتۇرغان ئامىللاردىن بىرى.»

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى نۇقتىغا كەلسەك، بۇ خىل «ئورتاق قىممەت قاراش»لاردىن سىرت، ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيە ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلەردۇر. ئۇنداقتا، بۇ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەر ئىككى دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بۇ مۇناسىۋەتتىن بەزى كونكرېت نەپلەرگە ئېرىشىدىغان بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت سوغۇق ئۇرۇشتا باشلانغان. بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن تارتىپ، تاكى 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان مەزگىل بولۇپ، بۇ جەرياندا ئامېرىكا بىلەن كوممۇنىست سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيانىڭ غوجىئاكىسىلىق ئورنىنى تالىشىپ رىقابەتلەشكەن ھەمدە بۇ خىل رىقابەت ئوتتۇرا شەرقكە، بولۇپمۇ ئىسرائىلىيەنىڭ قوشنىسى مىسىرغا يېيىلغانىدى.

ئەينى چاغدا، مىسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش ئەرەب دۆلىتى ئەمدىلا قۇرۇلغان ئىسرائىلىيەگە ئۇرۇش قوزغىغان. 1955-يىلى، مىسىرنىڭ رەھبىرى جامال ئابدۇناسىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋالغان ھەمدە بۇ مەزكۇر رايوندىكى ئىسرائىلىيەگە قارشى ھەربىي تەڭپۇڭلۇقنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى بۆلۈنۈشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان.

بۇ ھەقتە، دېيۋىد تال مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇناسىر بۇ ئارقىلىق غەرب بىلەن جۇدالاشتى ھەمدە ئوتتۇرا شەرق سوۋېتپەرەس سەپ بىلەن غەربپەرەس سەپتىن ئىبارەت ئىككى سەپكە ئايرىلدى.»

ھالبۇكى، ئىسرائىلىيە 1950-يىلدىن باشلاپ (يەنى مىسىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى)لا، ئامېرىكادىن قورال سوراپ كېلىۋاتقان ھەمدە ئۆزىنىڭ «ئىسرائىلىيەگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان قوشنا ئەرەب ئەللىرىگە قارشى ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاش» ئۈچۈن بۇ قوراللارغا موھتاج ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغانىدى. 1962-يىلى، كېنېدىينىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئامېرىكا ئىسرائىلىيەگە قورال بېرىشكە ماقۇل بولغان.

سىتىۋېن سايمون مۇنداق دەيدۇ: «كېنېدىي كېيىن يېقىن مۇناسىۋەتكە ئايلانغان ھەمدە ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن بۇ مۇناسىۋەتكە ئاساس سالغان.»

خالىد ئېلگىنىدىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل مۇناسىۋەت 1967 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن، شىددەت بىلەن كۈچەيگەن. ئەينى چاغدا، ئىسرائىلىيە ئەرەب قوشنىلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى. تارمار قىلىپلا قالماستىن، ئىئوردانىيە، سۇرىيە ۋە مىسىرنىڭ بەزى زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان.»

دېيۋىد تال مۇنداق دەيدۇ: «ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىسرائىلىيە ئامېرىكانى بارغانسېرى كۆپ ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەت ۋە ئۈستۈنلۈك بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى.»

ئالېكس گاتوپوۋلوس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆز ئالدىغا پەۋقۇلئاددە ئۈنۈملۈك ئىستىخبارات توپلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى، شۇنداقلا ئۇلار بۇ ئىستىخباراتلارنىڭ نۇرغۇنىنى ئامېرىكاغا يوللايتتى.»

ئۇنداقتا، ئىسرائىلىيە ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ ئىسرائىلىيە ئامېرىكادىن ئېرىشىدىغان ئاساسلىق نەپلەردىن بىرى پۇلدۇر. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا ئىسرائىلىيەگە باشقا ھەرقانداق دۆلەتكە قارىغاندا كۆپ پۇل بەرگەن بولۇپ، بۇ پۇللارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 260 مىليارد دوللارغا يېتىدۇ. شۇنداقلا، يەنە 2008 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقان ئىقتىسادىي ياردەممۇ بار. لېكىن، ھازىر ئامېرىكا ئىسرائىلىيەگە پەقەت ھەربىي خىراجەت ئۈچۈنلا پۇل بېرىدۇ. پرېزدېنت ئوباما تەرىپىدىن ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئىسرائىلىيە ھەر يىلى ئامېرىكادىن ئۈچ مىليارد 800 مىليون دوللار پۇلغا ئېرىشىدۇ. ئامېرىكا پۇقرالىرىدىن ئېلىنغان باجدىن ئاجرىتىلغان بۇ دوللارلار ئىسرائىلىيەنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنلاردىن بىرىنى قۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم بەرگەن. بۇ قوشۇن ئامېرىكانىڭ ئەڭ يېڭى كۈرەشچى ئايروپىلانىغا، «تۆمۈر قۇببە» دەپ ئاتىلىدىغان ئىلغار باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىغا ئىگە.

ئىسرائىلىيەگە بېرىلگەن پۇللار توغرىسىدا بىلىشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئامېرىكادا خەجلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقتە، ئالېكس گاتوپوۋلوس مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا ئىسرائىلىيەنىڭ ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىدۇ.»

بۇ خىل ھەربىي ياردەمگە ئالاقىدار يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئامېرىكا بۇ ھەقتە ــ مەيلى قورالنىڭ قانداق ئىشلىتىلىشى جەھەتتە بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئىسرائىلىيەگە بېسىم قىلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش جەھەتتە بولسۇن ــ ھېچقانداق شەرت قويمىغان. بۇ ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتە پەلەستىنگە قاراتقان تۈتۈمىغا ئوخشىمايدۇ.

خالىد ئېلگىنىدىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا تەمىنلىگەن ھەربىي ئەسلىھەلەر، تېخنىكا ۋە بايلىق جەھەتلەردە، ئىسرائىلىيەگە مۇتلەق ئەركىنلىك بېرىلگەن. بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈشلەر ئىنتايىن ئاز ياكى پەقەتلا يوق. نەزەرىيە جەھەتتە، بۇ ھەقتە ‹لېھىي قانۇنى›غا (The Leahy Law) ئوخشاش قانۇنلار مەۋجۇت بولۇپ، مەزكۇر قانۇندا ئامېرىكانىڭ (چەتئەللەرگە سېتىلغان) ھەربىي

ئەسلىھەلىرى مۇداپىئە ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىشى، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك دېيىلگەن. لېكىن، بىز بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىسرائىلىيەگە تەدبىقلانغانلىقىنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىدۇق.»

ئۇنداقتا، بۇ خىل «مۇتلەق ئەركىنلىك» تۇتۇمىنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟

بۇنى قىسمەن دەرىجىدە ئامېرىكانىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا، ئامېرىكادا «ئىسرائىلىيەپەرەس» بولغاندا، سىياسىي جەھەتتە نەپ ئالغىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، نەزىرىمىزنى ئامېرىكالىقلارنىڭ ئىسرائىلىيە-پەلەستىن مەسىلىسىدىكى تۇتۇمىغا ئاغدۇرساق بولىدۇ. ئامېرىكالىقلارنىڭ ئىسرائىلىيەگە بولغان ھېسداشلىقى ئىزچىل ھالدا پەلەستىنلىكلەرگە بولغان ھېسداشلىقىدىن كۈچلۈك بولۇپ كەلگەن. گەرچە يېقىندا، بۇ ئىككى خىل «ھېسداشلىق»نىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئازدۇر-كۆپتۇر كىچىكلىگەن بولسىمۇ، ئىسرائىلىيەگە بولغان مايىللىق يەنىلا كۈچلۈك ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ ھەقتە، نەزەردە تۇتۇشقا تېگىشلىك ئامىللاردىن يەنە بىرى، ئامېرىكادا زور نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان بىر بۆلۈك سايلىغۇچىلاردۇر (constituency). «ئىنجىلچىلار» (evangelical) دېيىلىدىغان بۇ خىرىستىيانلار ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىسرائىلىيەپەرەستۇر.

ئامېرىكانىڭ ئىسرائىلىيەگە بولغان سىياسىي قوللىشى جەھەتتىكى يەنە بىر ئامىل «ئامېرىكا-ئىسرائىلىيە ئاممىۋى ئىشلار كومىتېتى»غا (AIPAC) ئوخشاش ئىسرائىلىيەپەرەس لوبىيچىلىق گۇرۇھلىرىنىڭ تەسىرىدۇر. «ئامېرىكا-ئىسرائىلىيە ئاممىۋى ئىشلار كومىتېتى»غا ئوخشاش لوبىيچىلىق گۇرۇھلىرىنىڭ زادى قانچىلىك تەسىرى بارلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. ئۇلار ھەقىقەتەن ئامېرىكا سىياسىتىنى شەكىللەندۈرەلەمدۇ؟ ياكى ئۇلارنىڭ پەقەت سىياسىيونلارغا ۋە ئاممىغا تونۇشلۇق بولغان سىياسەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشكىلا كۈچى يېتەمدۇ؟ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئامېرىكا رەھبەرلىرىنىڭ بۇ سالاپچىلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالىدىغانلىقى شەكسىز.

ستىۋېن سايمون مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا-ئىسرائىلىيە ئاممىۋى ئىشلار كومىتېتى ئۆزىنىدىن بۇيان نامزاتلارنىڭ ئىسرائىلىيەگە قاراتقان تۇتۇمىغا بىنائەن، ئۇلارنى — بولۇپمۇ ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرىنى — مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ كەلدى.»

دېيۋىد تال مۇنداق دەيدۇ: «يەھۇدىي-ئىسرائىلىيە لوبىيچىلىرى بەزى ئاكادېمىكلارنىڭ ئىلگىرى سۈرگىنىدەك، ئامېرىكاغا مۇئەييەن سىياسەتلەرنى تاڭماستىن، ئۆزلىرى ئىسرائىلىيەگە پايدىلىق دەپ قارىغان سىياسەتلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەگەر (ئۇلار تەۋسىيە قىلغان) بۇ سىياسەتلەردىن ۋۇجۇدقا

چىقىدىغان مەنپەئەت ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولسا، ئامېرىكا ئاشۇ سىياسەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.»

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قاتار ئامىللار بۇگۈنكى ئامېرىكا-ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلغان بولۇپ، بۇ قەدەر «مۇستەھكەم»لىك ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەنقىدىگە ــ بولۇپمۇ ئىسرائىلىيە پەلەستىنىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان ھەمدە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن «ئىرقىي ئايرىمچىلىق» سىياسىتى يۈرگۈزدى دەپ قارالغان ئارقا كۆرۈنۈشتە ــ سەۋەب بولغان.

ئامېرىكا-ئىسرائىلىيە مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلاردىن بىرىگە كۆرە، بۇ مۇناسىۋەت ھەم ئىسرائىلىيەلىكلەرنى، ھەم پەلەستىن خەلقىنى زىيانغا ئۇچرىتىقان ئامىلدۇر.

«ئامېرىكا-ئوتتۇرا شەرق پروجېكتى»نىڭ مۇدىرى دانىيېل لېۋي (Daniel Levy) مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا ئىسرائىلىيەنىڭ ئىزچىل جازاغا ئۇچرىماسلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كەلدى. ئەگەر ئامېرىكا ئىسرائىلىيەنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد پەلەستىنلىكلەرگە قىلغان زۇلۇملىرىنىڭ خەلقئارادا، قانۇنىي جەھەتتە، ئېمبارگو يۈرگۈزۈلۈش جەھەتتە، ب د ت دا ۋەھاكازا جازاغا ئۇچرىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسا، ۋەزىيەت بۈگۈنكىدەك ھالغا كېلىپ قالمايتتى. مەن ئامېرىكانىڭ بۇ نۇقتىنى زادى قاچانغىچە تونۇپ يەتكەنلىكىگە قىزىقىمەن.»

خالىد ئېلگىندىي مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا پارلامېنتى ھېلىھەم ئىسرائىلىيەپەرەس تۈتۈمنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئىسرائىلىيەنى ئاساسەن تەنقىد قىلمايدۇ ھەمدە نۇرغۇن مەسىلىلەردە پەلەستىنگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ.»

ھازىر ئامېرىكانىڭ ئىسرائىلىيەگە قاراتقان تۈتۈمى ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈك تەنقىدكە دۇچ كەلمەكتە. ئىسرائىلىيەنىڭ ئەمدىكى قەدەمدە قانداق قىلىدىغانلىقى ئامېرىكانىڭ بۇ ھەقتە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشىغا باغلىق.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://youtu.be/oQJt8dwvs78?si=1he02l5CPE4uxL4s



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2024 -يىلى 1– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 1 – ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق ۋەزىيەت

(2024ـ يىلى 1ـ ئاي)

## شى جىنپىڭ خىتايدىكى ئىقتىسادىي ئاقساشنى تەن ئالدى

سودا كۆزەتكۈچىسى خەۋەرلەر تورىنىڭ 2ـ يانۋاردىكى خەۋىرى:

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2024ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە 2023ـ يىلغا ئالاقىدار بىر قاتار مەسىلىلەرنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇ سۆزىدە خىتاينىڭ 2023ـ يىلى ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپلىگەن خىرسلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

2024ـ يىلى يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى يەكشەنبە قىلغان سۆزىدە، شى جىنپىڭ بەزى كارخانىلار ناھايىتى تەس كۈنگە دۇچ كەلگەنلىكىنى، بەزى كىشىلەرنىڭ خىزمەت تېپىش ۋە زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى قامداش جەھەتلەردە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇ ھادىسىلەرنى «تەتۈر شامال» دەپ ئاتىغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا CNN خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ بايانى بويىچە ئېيتقاندا، شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىملىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن سۆز ئېچىشى 2013ـ يىلى بۇ ھەقتە سۆز ئاچقىنىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق بايان ئىكەن.

شى جىنپىڭ سۆزىدە خىتايدىكى ئىقتىسادىي ئاقساشنى تەن ئالغان بولسىمۇ، باياناتىنىڭ كۆپ قىسمىدا يەنىلا دۆلەتنىڭ قولغان كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەققىدە توختىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىۋاتقان سانائىتى ۋە دۆلەت ئىچى سىياسەتچىلىك يۈكسىلىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ 2022ـ يىلىدىكى ئىقتىسادىي ئېشىشى ئۈچ پىرسەنت بولغان بولۇپ، خىتايدىكى 2022ـ يىللىق ئىقتىسادىي ئېشىش خىتاينىڭ يېرىم ئەسىرلىك تارىخىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئېشىش ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، كوۋىد سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىققان قاتتىق چەكلىمىلەر ۋە 2023ـ يىلىدىكى ئۆي مۈلۈك كىرىزىسى تۈپەيلىدىن ئىكەن.

شى جىنپىڭ سۆزگە چىقىشتىن بىر نەچچە سائەت ئىلگىرى خىتاي خىتايدىكى ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىرىشى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان رەسمىي ئانكېتتا، خىتاي كارخانىلىرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئايدىكى ئىشلەپ چىقىرىشىنىڭ ئۇدا ئۈچ ئاي ئىزچىل كېمەيگەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ مۇشۇ سەيشەنبە خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانىدا، خىتاينىڭ (كەلگۈسى ئايلاردىكى) ئىقتىسادىي ئېشىشىدا يۈكسىلىش بولمايدىغانلىقى كۆرسەتكەن. ئىقتىسادشۇناسلار خىتايدا 2024ـ يىلى باھار ئايلىرىدا ئۆي مۈلۈك ساھەسىدە تۇرغۇنلۇق

يۈز بېرىدىغانلىقىنى، گېئوپولىتىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقا بەزى ساھالەردىمۇ ئىقتىسادىي چۈشۈش كۆرۈلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

## خىتاي ئامېرىكانى ھەمكارلىششقا چاقىردى

رويتېرس ئاگېنتلىقى خەۋىرى:

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭيى 5-يانۋار جۈمە كۈنى خىتاي-ئامېرىكا دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ 45 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىكى ئەڭ تەخىرسىز ۋەزىپىنىڭ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئۆز-ئارا توغرا چۈشىنىش ۋە بىرلىك ھاسىل قىلىش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى. ئۇ «ھەمكارلىشىش — ئىككى دۆلەتنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ تاللىشى بولۇپلا قالماي، بۇنداق قىلىشنىڭ كۈچەپ تەكىتلىنىشى كېرەك بولغان مەجبۇرىيەت» ئىكەنلىكىنى، ھەمكارلىقنىڭ خىتاي ۋە ئامېرىكا مۇناسىۋىتىكى ئەڭ توغرا تاللاش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردا دۆلەت بىخەتەرلىكى، يەرشارىۋى تىوقۇنۇش، سودا چەكلىمىسى قويۇش، كېلىمات ئۆزگىرىشى ۋە تەيۋەن مەسىلىسى جەھەتلەردە خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە جىددىيلىكلەر كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلى ئىككى دۆلەت بىر-بىرىنى ئۆزىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا يۇقىرى بوشلۇقتا ئۇچىدىغان جاسۇسلۇق بالونلىرى ئۇچۇردى دەپ ئۆز-ئارا ئەيىپلەشكەندىن كېيىن، ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى تېخىمۇ بەك يىرىكلىشىپ كەتكەن.

مۇشۇ ھەپتە ئامېرىكا ۋە خىتاي بىرلا ۋاقىتتا جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا ئۆز ئارا خىرىس قىلىش تىپىدىكى دېڭىز مانېۋىرى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ مانېۋىر رايوندىكى تالاش-تارتىش ئىچىدىكى تېررىتورىيىلەر كۈچەيگەن پەيتە توغرا كەلگەن.

ۋاڭ يى يىغىندا قىلغان سۆزىدە خىتاينىڭ ئامېرىكادىن ئۆزگە بولغان پوزىتسىيىسىنى يۇمشىتىشنى كۈتىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن؛ ئۇ يەنە ئامېرىكادىن خىتايغا نىسبەتەن تەڭداشلىق ۋە كەڭ قورساقلىق پوزىتسىيىسى بولۇشنى كۈتىدىغىنىنى، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈك ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق تىرىشچانلىقىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، شۇنداقلا خىتاي خەلقىنىڭ تاللىشىغا ۋە خىتاينىڭ تەرەققىيات يولىغا ھۆرمەت كۆرسىتىشنى ئارزۇلايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغان.

ۋاڭ يى سۆزىدە يەنە «بىز ئۆز-ئارا ھۆرمەت كۆرسىتىش ئاساسىدا مۇقىم، ساغلام ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدىغان خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالايمىز» دېگەنلەرنى ئىپادىلەپ، خىتاينىڭ دۇنيا تىنىچلىقى ۋە تەرەققىياتىدا تېخىمۇ يۇكسەك مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئارزۇلايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. شۇنداقلا، خىتاينىڭ ھېچكىمنى ھېچكىمنىڭ ئورنىغا قويۇش، ھېچقايسى دۆلەتنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق سەپدىشى قىلىۋېلىش خاھىشىدا ئەمەسلىكىنى، دۇنياۋىي يېتەكچى كۈچ بولۇش ئارزۇسىنىڭمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن.

## خىتاي پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك سەپەرۋەرلىكىگە ئۆتتى

CNN ئاگېنتلىقىنىڭ 6ـئىيۇن خەۋىرى:

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئالدىنقى يىللاردىكى COVid 19 ۋىرۇسىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تىزگىنلەش، بۇنىڭ باھانىسىدە خىتاي خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە كونترول قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى سەۋەبلىك دۆلەت ئىچىدە ئىشسىزلىق، ئىقتىسادىي چېكىنىش قاتارلىق سەلبىي ھادىسىلەر كۆرۈلگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خىتاي خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا ھۆكۈمەتكە قارىتا نارازىلىقلار پەيدا بولۇپ، ئالدىنقى يىلى خىتاي مىقياسىدا ھۆكۈمەتنىڭ ناباپ سىياسەتلىرىگە قارشى ھەر خىل كۆلەمدىكى نامايىشلار يۈز بەرگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆز خەلقىدىن كەلگەن بۇ خىل كۈچلۈك قارشى ئىنكاسلارغا «خەلقتىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ سۇسلۇقى» دەپ دىئاگنوز قويغان. ئاقىۋەتتە، خىتاي  كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆز خەلقىدىكى سۇس ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا «ۋەتەنپەرۋەرلىك مائارىپى قانۇنى»نى تەسىس قىلىپ، باشلانغۇچتىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ نۇقتىلىق ھالدا كۈچەيتىشكە تۇتۇش قىلغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ بۇ ئاتالمىش «ۋەتەنپەرۋەرلىك مائارىپى قانۇنى» —— ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىشنى، خىتاي خەلقى قەلبىدىكى ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنىڭ كۈچىيىشىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خىتاي خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى خىتاي خەلقىگە كۈچلۈك رەۋىشتە ھېس قىلدۇرۇشنى ۋە خەلقنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى شەرتسىز ياخشى كۆرۈشىنى مەقسەت قىلغان ئىكەن.

خىتاي مىللەتچىلىكىنى كۈچەيتىشنى، خىتاينىڭ دۇنياغا خوجا بولۇشى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا خەلقنى ئۆزىگە چەمبەرچاس باغلاشنى نىشانلىغان بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى خىتاي دۆلەت مېدىيالىرىدا ۋە ئاممىۋىي تاراتقۇلاردا زور كۈچ بىلەن قانات يايماقتا ئىكەن.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي يېقىنقى يىللاردا ھەم مەكتەپلەردە، ھەم جەمئىيەتتە «ۋەتەنپەرۋەرلىكنى جانلاندۇرۇش» تەشۋىقاتىنى بارغانچە كۈچەيتىۋاتماقتا ئىكەن. شى جىنپىڭنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يولىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان يوشۇرۇن ئىچكى خەۋپلەرنى تەلتۆكۈس سۈپۈرۈپ تاشلاش غايىسى بۇ يېڭى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتىدىكى يادرولۇق ئامىل ھېسابلىنىدىكەن.

## خىتاي ئامېرىكانىڭ قورال-ياراغ شىركەتلىرىگە جازا يۈرگۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى

خىتاي ئامېرىكانىڭ بەش قورال-ياراغ ئىشلەپچىقىرىش شىركىتىگە تەيۋەنگە قورال ساتقانلىقى تۈپەيلىدىن جازا قويغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئالدىنقى ئايدا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى تەيۋەننىڭ بىرلەشمە جەڭ قىلىش قوماندانلىق ۋە كونترول سىستېمىسىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن دۆلەت مالىيەسىدىن 300 مىليون دوللارلىق قورال-ياراق سېتىش قارارىنى ماقۇللىغان بولۇپ، ئامېرىكانىڭ بۇ قارارىغا جاۋابەن، خىتاي تەيۋەنگە مەزكۇر قورال-

ياراقلارنى سېتىپ بېرىشكە چېتىشلىق ئامېرىكا شىركەتلىرىگە قارىتا كۆتۈلمىگەن تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى.

ئالدىنقى دۈشەنبە كۈنى، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئامېرىكانىڭ مۇناسىۋەتلىك بەش شىركىتىگە جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى مەزكۇر ئامېرىكا قورال-ياراغ شىركەتلىرىگە يۈرگۈزىدىغان جازانىڭ بۇ شىركەتلەرنىڭ خىتايدىكى مۇقىم ۋە كۆچمە مۈلۈكلىرىنى توڭلىتىش، خىتايدىكى ئورگان ۋە شەخسلەرنىڭ مەزكۇر ئامېرىكا قورال-ياراق شىركەتلىرى بىلەن سودا قىلىشىنى، شۇنداقلا ھەمكارلىشىشىنى چەكلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى يەنە «ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراشلىق تەيۋەن رايونىغا قورال-ياراغلارنى سېتىپ بېرىشى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.

## ئامېرىكالىق خىتاي ئەسكەر خىتايغا ھەربىي مەلۇمات تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن قاماققا ھۆكۈم قىلىندى

### ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى 8-يانۋار باياناتى:

ئامېرىكا كالفورنىيە شتاتىدىكى بىر دېڭىز ئارمىيە بازىسىدا خىزمەت قىلىدىغان 26 ياشلىق ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى خادىمى جاۋ ۋېن خېڭ (ئامېرىكادا ئىشلەتكەن ئىسمى توماس جاۋ) ئامېرىكانىڭ سەزگۈر ئەسكىرىي ئۇچۇرلىرىنى خىتاي ئىستىخبارات خادىمىغا تەمىنلىگەنلىك جىنايىتى بىلەن 27 ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، بەش مىڭ دوللار جەرىمانە قويۇلغان.

ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان بۇ ھەقتىكى باياناتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ دېلونى ئىشلىگەن سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلوغا ئالاقىدار ھۆججەتلىرىگە كۆرە، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى خادىمى جاۋ ۋېن خېڭنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسىگە ئائىت سەزگۈر مەخپىي ھۆججەتلەرنى خىتاي ئىستىخبارات خادىمىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە خىتاي ئىستىخبارات خادىمىدىن پارا ئالغانلىقى قەيت قىلىنغان. جاۋ ۋېن خېڭ 2023-يىلى، ئۆكتەبىر ئېيىدىكى سوراق جەريانىدا يۇقىرىقى جىنايىتىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىلغان.

ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى دۆلەت بىخەتەرلىكى بۆلۈمى مۇئاۋىن تەپتىشى، گېنىرال ماسىۋ ئوسلىن بۇ ۋەقە توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن :«جاۋ ئەپەندى ئۆز دۆلىتى ئامېرىكىنى قوغداش توغرىسىدىكى رەسمىي قەسەمگە خىيانەت قىلدى، ئامېرىكا ئارمىيىسى خادىملىرىنى خەتەرگە ئىتتىردى. ئامېرىكا ئادالەت مىنىستىرلىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزنىڭ ئۈلىنى كولاش تىركىشىشىگە قارشى ئۈزۈل-كېسىل كۈرەش ئېچىۋىدۇر، شۇنداقلا دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزگە قارشى ھەرىكەت قىلغانلاردىن قەتئىي رەۋىشتە ھېساب سوراش باسقۇچىدىدۇر.»

باياناتتىن مەلۇم بولۇشىچە، جاۋ ۋېن خېڭ كالىفورنىيە شتاتى ۋېنتۇرا شەھرىگە جايلاشقان بىر دېڭىز ئارمىيىسى بازىسىدا خىزمەت قىلغان بولۇپ، جاۋ 2021-يىلى ئاۋغۇست ئېيىدىن 2023-يىلى ماي ئېيىغىچە خىتاي ئىستىخبارات خادىمىدىن جەمئىي 14 مىڭ 866 دوللار پارا ئالغان بولۇپ، بۇ پۇل ئايرىم-ئايرىم 14 قېتىمغا بۆلۈنۈپ خىتاي ئىستىخباراتى خادىمى تەرىپىدىن جاۋغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن. جاۋ

بۇنىڭ بەدىلىگە ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى مەشغۇلات بىخەتەرلىكىگە ئالاقىدار مەخپىي ئۇچۇرلارنى خىتاي ئىستىخبارات خادىمىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن.

جاۋ ۋېن خېڭ خىتاي ئىستىخبارات خادىمىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن بۇ مەخپىي ئۇچۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي مەشقلىرىگە ئالاقىدار مەزمۇنلار، شۇنداقلا ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مۇھىم ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىغا ئائىت مەلۇماتلار بار ئىكەن. مەلۇماتتىن بىلىنىشىچە، جاۋ ۋېن خېڭ خىتايغا ئامېرىكا  دېڭىز ئارمىيەسى تىنىچ ئوكيان دېڭىز فلوتىنىڭ چوڭ كۆلەملىك ھەربىي مانېۋىر پىلانى، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جەڭ قىلىش بۇيرۇقلىرى، شۇنداقلا ياپونىيەنىڭ ئوكىناۋا شەھىرىگە جايلاشتۇرۇلغان ئامېرىكاغا ئائىت رادار سېستىمىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق خەرىتىسى قاتارلىقلار ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلارنى تەمىنلەپ بەرگەن.

كالىفورنىيە شىتاتى مەركىزى رايونى تەپتىشى مارتىن ئېسترادا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «جاۋ ئۆز دۆلىتى ئامېرىكاغا خائىنلىق قىلدى. خىتاي ئىشپىيونلۇق خادىمىدىن پارا ئېلىپ ئۆز قەدرىنى ئۆزى چۈشۈردى. بۇ سەۋەبلىك، ئامېرىكا ئارمىيىسىدىن قوغلاندى. ھازىر ئۇ تۈرمە ھاياتىنى باشلاش ئالدىدا. جاۋغا بېرىلگەن بۈگۈنكى جازا شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىشخانىمىز دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزنىڭ ئۇلىنى كولاشقا ھەپىلەشكەنلەرنى تۇپ يىلتىزىدىن قۇمۇرۇپ تاشلاش ۋە جازالاشتا چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ.»

FBI دۆلەت بىخەتەرلىكى تارمىقى ياردەمچى ئىجرائىيە دېرىكتورى لارىسا ل.نەپ بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئامېرىكانىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ئۇلىنى كولاش جەھەتتە توختاۋسىز تىرىكىشىپ كېلىۋاتىدۇ. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىستىخبارات ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەر قانداق قانۇنغا ۋە ھەر قانداق تۈزۈمگە خالىغانچە خىلاپلىق قىلىۋېرىدىغانلىقىنى يېنىش-يېنىشلاپ كۆرسىتىپ كەلدى. بۈگۈنكى سوت ھۆكمى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرى ئۆزى ياللىغان جاسۇسلىرىنى FBI نىڭ ۋە مۇھىم ھەمكارچى ئورگانلىرىمىزنىڭ قولغا ئېلىشىدىن ۋە سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن ساقلاپ قېلىشتا ئاجىز كەلدى.»

بايانامىدىن مەلۇم بولۇشچە، جاۋ ۋېن خېڭ مۇرەككەپ مەخپىي شىفىر ۋاستىسى ئارقىلىق خىتاي ئىستىخبارات خادىمىغا ئۇچۇر يەتكۈزگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇچۇر يەتكۈزگەنلىكىگە ئائىت دەلىل-پاكىتلارنى يوق قىلىپ ماڭغان، شۇنداقلا، خىتاي ئىستىخبارات خادىمى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىمۇ مەخپىي تۇتقان ئىكەن.

## خاماس جەڭچىلىرى ئىسرائىلىيەگە قارشى ئۇرۇشتا خىتاي قوراللىرىنى ئىشلەتكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە

ئامېرىكادا چىقىدىغان داڭلىق گېزىتلەردىن «newsweek» ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ 8-يانۋار نەشر قىلىنغان خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

يېقىندا ئىسرائىلىيە دۆلەت مۇداپىئە تارماقلىرى خاماسنىڭ قولىدا خىتاينىڭ ئىلغار قوراللىرى بارلىقىنى ئېنىقلىغان بولۇپ، بۇ قورال-ياراغلار ئارىسىدا M16 زەربىچى ئاپتوماتى ئۈچۈن كېرەكلىك ئوق

دورىلار ۋە M16 زەربىچى ئاپتوماتىنىڭ قارىغا ئېلىش دەۋرىۇنى؛ يۇقىرىقى بېسىملىق ئاپتوماتىك قىرغىن ئاپتوماتى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بۇ ھەقتىكى خەۋەرنى فرانسىيەدە چىقىدىغان تېلېگراف گېزىتمۇ خەۋەر قىلغان بولۇپ، فرانسىيە تېلېگراف گېزىتى بۇ ھەقتىكى خەۋەردە ئىسرائىلىيە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانىنى نەقىل قىلىپ، ئىسرائىلىيە ئىستىخباراتىنىڭ خىتاي قوراللىرىنىڭ قانداقسىگە خاماسنىڭ قولىدا بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالغانلىقىنى؛ شۇنداقلا، خاماسنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا ھېچقاچان بۇنداق كۈچلۈك قوراللارغا ئىگە بولۇپ باقمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەنگىلىيەدىكى دۇنياغا داڭلىق بەس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مۇتەخەسسىسى، شۇنداقلا سابىق ناتو ئانالىزچىسى پاترىك برىي (Patrick Bury) تېلېگراف گېزىتىگە قىلغان سۆزىدە، «بۇ قوراللارنىڭ خىتايدىن بىۋاستە كەلگەنمۇ ياكى ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قولى بىلەن ۋاستىلىك كەلگەنمۇ؟» بۇ ھەقتە سوئال تۇغۇلغىنىنى، خاماسقا ئەسكىرىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان ئىراننىڭ بۇ قوراللارنىڭ خاماسنىڭ قولىغا چۈشۈشىدە ئەڭ كەمىدە قوشۇمچە رول ئوينىغىنىنى بايان قىلغان.

تېل ئاۋىۋ ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەت بىخەتەرلىكى تەتقىقات بۆلۈمى تەتقىقاتچىسى تۇۋىيا گېرىڭ (Tuvia Gering) بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ: «ئەگەر خىتاي خاماس تەرەپكە بۇ قورال ياراقلارنى بىۋاستە يەتكۈزۈپ بەرگەنمۇ؟ دەپ سوئال قويسىڭىز، بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇمكىنلىكى كىشىنى شۈبھىلەندۈرىدۇ. ئەمما، خىتاينىڭ دۇنيادىكى ھەرىكەتلىرىڭىزگە نەزەر سالسىڭىز، بۇ شۈبھىڭىزنىڭ ھېچقانچە ئورنى قالمايدۇ» دېگەن. گېرىڭ يەنە خىتاي قورال-ياراغ كارخانىلىرىنىڭ لىۋاننى مەركەز قىلغان ھىزبۇللاھ  قوراللىقلىرى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىگە ئىشارە قىلىپ، ئىراننىڭ يۆلىشى ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ شىئە ئەسكىرىي كۈچلىرىنىڭ 2006-يىلىدىكى ئىسرائىلىيە-لىۋان ئۇرۇشىدا ئىسرائىلىيە دېڭىز چارلىغۇچى پاراخوتلىرىدىن بىرىگە خىتاي ياسىغان، پاراخوتنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان ئوق بېشى ئېتىپ، تۆت غەۋۋاسنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقىنى قەيت قىلغان.

دۆلەت مۇداپىئە تەتقىقاتچىسى تۇۋىيا گېرىڭ «ئەگەر بۇ قورال-ياراقلارنىڭ خىتايدا ياسالغانلىقى، خاماسقا ئىران قاتارلىق ئۈچىنچى بىر دۆلەت ئارقىلىق تەمىنلەنگەنلىكىنى تەقدىردە، بۇ ھادىسە ئىسرائىلىيەدە خىتاي ئۈچۈن بىر سەتچىلىك ھېسابلىنىدۇ» دېگەن.

ھەپتىلىك خەۋەرلەر گېزىتىنىڭ بايانىچە، ئىسرائىلىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان نەچچە ئون يىللىق ئىللىق مۇناسىۋىتى ئىسرائىلىيە خاماسقا قارشى ئۇرۇش باشلىغاندىن كېيىن ناچارلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. گېزىتتە بىلدۈرۈشىچە، ئىسرائىلىيەنىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكلىرىدىن بىرى بولغان خىتاي تاكى ھازىرغىچە 2023-يىلى، 7-ئۆكتەبىر كۈنى خاماس قوراللىقلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قىلغان ھۇجۇمى سەۋەبلىك خاماس تەرەپنى ئەيىپلىمىگەن.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئىسرائىلىيە غەززىگە قارشى ھۇجۇم قوزغىغاندىن كېيىن، خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا يەھۇدىيلارغا قارشى شوئار-چاقىرىقلار ۋە ئىراننى ياقلايدىغان يوللانمىلار زور سالماقتا ئاشقان. خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا تارقالغان ئىسرائىلىيەنى قوللاش پىكىرلىرىنى خىتاي ئورگانلىرىنىڭ سەزگۈر ئۇچۇرلارنى سۈزۈۋېلىش مېخانىزىمى تەرىپىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلانغان.

خىتاينى تەتقىق قىلىدىغان بەزى كۆزەتچىلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي — ئىسرائىلىيە ـ خاماس توقۇنۇشىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خوجائاكىسى ئورنىغا چىقىرىش ئۇرۇنۇشىدا بولماقتا ئىكەن.

## شىنجېڭ تاشكەنت قۇرۇقلۇق سودا لىنىيىسى ئىشقا چۈشتى

ئەركىن ياۋروپا ئاخبارات ئورگىنىنىڭ 10 ـ يانۋار خەۋىرى:

دۇنيا قۇرۇقلۇق يولى ترانسپورت ئورگىنىنىڭ (IRU) بىلدۈرۈشىچە، ئېلېكترون بۇيۇملىرى قاچىلانغان تۇنجى يۈك ماشىنىسى ئەترىتى خىتاينىڭ جەنۇبىي جايلاشقان شىنجېڭ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە يېتىپ كەلگەن. قىرغىزىستاننى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ قۇرۇقلۇق يولىنىڭ باش بېكىتى شىنجېڭ بىلەن ئاخىرقى بېكىتى تاشكەنتنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 6500 كىلومېتىر ئىكەن. يۈك ماشىنىسى ئەترىتى شىنجېڭدىن تاشكەنتكە يەتتە كۈندىلا كېلىپ بولىدىكەن.

خەۋەردە بىلدۈرۈشىچە، ئۆتكەن يىلى ئىيۇل ئېيىدا، جېڭجوۋ خوڭ يى ترانسپورت شىركىتى ئۇقىرىقىغا ئوخشاش يۈك ماشىنا ئەترىتى ئارقىلىق شىنجېڭ بىلەن ئالماتا ئوتتۇرىسىدىكى سودا ترانسپورتىنى باشلىغان ئىكەن.

دۇنيا قۇرۇقلۇق يولى ترانسپورت ئورگىنىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ يېڭى تىجارەت قاتناش لىنىيىسى خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان سودا كۆلىمىنىڭ ئېشىشىنىڭ ئېپادىسى ھېسابلىنىدىكەن.

## تالىبان ۋاخان كارىدورىدا ۋەتىنىمىز چېگرىسىغا تۇتىشىدىغان يول ياسىدى

ئافغانىستانغا ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئاساس قىلغان خەۋەر ئورگىنى «خاما ئاگېنتلىقى» نىڭ 16 ـ يانۋار خەۋىرى:

ئافغانىستان بەدەخشان ۋىلايىتىنىڭ ئۇچۇر ۋە مەدەنىيەت ئىدارىسى باشلىقى مۇئىززىدىن ئەھمەدى مەزكۇر ئاگېنتلىققا بەرگەن مەلۇماتىدا، پامىر يۇقىرى سۈرەتلىك يولىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىغىچە بولغان قىسمى ھەققىدە توختالغان. مۇئىززىدىن ئەھمەد سۆزىدە «پامىر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ خىتاي چېگرىسىغىچە بولغان قىسمى ياساپ پۈتتۈرۈلدى. ئەمدىدىن باشلاپ بۇ يولغا ئالاقىدار قاتناش پىلانى ۋە بۇ يولنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كېتەرلىك خامچوت لايىھەلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش باشلاندى» دېگەن.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، تالىبان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 2023 ـ يىلى، سېنتەبىر ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئافغانىستاننىڭ ۋاخان رايونى بىلەن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان يول ياساشنى باشلىغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئەللىك كىلومېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر ئىكەن. بۇ تۈرگە ئافغانىستان يېزا ـ قىشلاقلارنى گۈللەندۈرۈش مىنىستىرلىقى مەسئۇل بولغان ئىكەن. مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ بەدەخشان ۋىلايىتى تارمىقى باشلىقى ئالدىنقى يىلى سېنتەبىر ئېيىدا

مىنىستىر مۇھەممەد يۇنۇس ئاقھۇنزادە ۋە باشقا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ بۇ يولنى باشلاش قۇرۇلۇشىدا ھازىر بولغانلىقىنى قەيت قىلغان. بۇ يولنىڭ ئومۇمىي چىقىمى ئۆچۈن 369 مىليون 579 مىڭ ئافغانى سەرپ قىلىنغان بولۇپ، بۇ سومما تەخمىنەن بەش مىليون 140 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭداش ئىكەن.

تالىبان بەدەخشان ۋىلايىتى يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئەڭ تۆۋەن چىقىم ۋە قىسقا مۇساپە بويىچە ياسالغان بۇ يول خىتايدىن كېلىدىغان تىجارەت تاۋارلىرىنىڭ ئافغانىستانغا ئىمپورت قىلىنىشىغا ۋە ئافغانىستاننىڭ يەرلىك تاۋارلىرىنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلىنىشىغا قولايلىق تۇغدۇرىدىكەن.

خەۋەردە يەنە مۇنۇلار بىلدۈرۈلگەن:

ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتى باشلىقى مىكائىل ماككائۇل ئالدىنقى ھەپتە خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى تەسىرى ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى بايان قىلىپ، خىتاينىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئافغانىستان باگرام ئايرودرومىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىش مۇمكىنچىلىكىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ ئافغانىستانغا سېلىۋاتقان مەبلەغلىرى ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى دائىملا بايان قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بولۇپمۇ خىتاينىڭ ئافغانىستاندا لىسيۇم مەنبەلىرى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىشىغا ئەندىشە نەزىرىدە قاراپ، خىتاينىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئافغانىستاننىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

## خىتاي چەتئەل كارخانىلىرىنى خىتايغا مەبلەغ سېلىشقا چاقىردى

رويتېرس ئاگېنتلىقى 16-يانۋار خەۋىرى:

خىتاي باش مىنىستىرى لىچياڭ 16-يانۋار شىۋىتسارىيەنىڭ دائوس شەھرىدىكى دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى يىغىنىدا سۆز قىلىپ، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تاشقى دۇنياغا ئوچۇق ئىكەنلىكىنى، چەتئەل كارخانىلىرىنىڭ خىتايغا مەبلەغ سېلىشتىن ئالىدىغان پايدىلىرىنى، شۇنداقلا دۇنياۋىي رىقابەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سودا-تىجارەت جەھەتلەردىكى توسالغۇلارنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي كوۋىد ۋىرۇسىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي جانسىزلىق ۋە ئۆي-مۈلۈك ساھەسىدىكى چۆكۈش قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن مۇشۇنداق بىر پەيتتە، خىتايغا مەبلەغ سالغان چەتئەل كارخانىلىرى ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك قەد كۆتۈرۈش ئارزۇلىرى توغرىسىدا، ئۆتكەن قىرىق يىل مابەينىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئەندىشىگە دۇچ كەلگەن.

خىتاي باش مىنىستىرى لىچياڭ بۇ يىغىندا قىلغان سۆزىدە يەنە، ئاھالىسى تېز سۈرئەتتە شەھەرلىشىۋاتقان بىر مىليارت 400 مىليون نوپۇسقا ئىگە خىتاينىڭ يەرشارىۋىي ئومۇمىي ئېھتىياجدا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ سۆزىدە يەنە خىتاينىڭ ئۆز بازىرىنى چەتئەل كارخانىلىرىغا ئوچۇق تۇتۇشنى بۇرۇنقىدەكلا قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، پۇرسەتلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشتا چەتئەل كارخانىلىرىغا پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئېرۇسالېم پوچتا گېزىتى 16 ـ نويابىر «ئىسرائىلىيە تۈركىيەنىڭ خاماسنى قوللىشىغا قاراپ تۇرمايدۇ» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە مۇنۇلار بىلدۈرۈلگەن:
ئىسرائىلىيە ئۆزىنىڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى (ئامېرىكىنىڭ) ياردىمى ئاستىدا تۈركىيەگە شۇنى جېكىلەيدۇكى، تۈركىيەنىڭ خاماسنى قوللاشنى داۋاملاشتۇرۇشى سەۋەبلىك ئىسرائىلىيە ـ تۈركىيە مۇناسىۋىتىدە ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

خاماس ئىسرائىلىيەنىڭ جەنۇبىدا قەتلىئام يۈرگۈزۈپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن پەلەستىنگە ھەمدەم بولۇش يىغىلىشىدا سۆز قىلغان تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تايىپ ئەردوغان «خاماس تېرورلۇق تەشكىلاتى ئەمەس» دېدى ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ غەززىگە قارشى ئۇرۇش جىنايىتى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

2023 ـ يىلى دېكابىر ئېيىدا ئەنقەرەدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىدىن بىرىدە بولسا، ئەردوغان تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى بېنجامىن نېتانىياھۇنى گىتلېرغا ئوخشاتتى.

***

ئاپتور نوئا لازمى مەزكۇر ماقالىسىدە يەنە «ئەردوغاننىڭ ئىسرائىلىيە دۈشمەنلىكى يالغۇز سۆز بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئەردوغان خاماسنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەسكىرىي جەھەتلەردىن توختاۋسىز قوللاپ، خاماسنىڭ بارغانچە كۈچىيىشىنى، گۇناھسىز ئىسرائىلىيە خەلقىنىڭ بولسا خاماسنىڭ بالايى ـ ئاپەتلىرىگە دۇچ كېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دەپ بىلجىرلىغان.

ماقالىدە يەنە مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن:

تۈركىيە خاماسنىڭ بىخەتەر پاناھگاھى. تۈركىيەنىڭ خاماس رەھبەرلىكىگە بىخەتەر پاناھگاھ بولۇپ بېرىۋاتقانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس. ئەنقەرە خاماسنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى دائىم كۈتۈۋالىدۇ. ئەردوغان خاماسنىڭ بېشىدىكى ئىسمائىل ھەنىيە ۋە خالىد مەشئەل قاتارلىق رەھبەرلىرى بىلەن ئوچۇق ئاشكارا كۆرۈشۈپ يۈرۈيدۇ. خاماسنىڭ مالىيە بۆلۈمى مەسئۇلى زاھىر جابارىن ئىستانبۇلدىكى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ خاماسنىڭ ئىراندىن ئالىدىغان ئىقتىسادىي ياردەملىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىقتىسادىي ياردەملەرنىڭ ئارىسىدا تۈركىيە تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەممۇ بار. تۈركىيەنىڭ خاماسقا تېخى ئەسكىرىي ياردىمىمۇ بار.

ماقالە ئاپتورى نوئا لازمى يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن:

ئەگەر تۈركىيە خاماسنى قوللاشتىن قولىنى تارتمىسا، تۈركىيە ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى ئىسرائىلىيە تەرەپنىڭ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدىغان پەيتى كەلدى. تۈركىيە تاكى خاماسنى تېرورلۇق تەشكىلاتى دەپ ئاتاپ، خاماسقا شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلمىغۇچە، شۇنداقلا تۈركىيە ئۆزىنىڭ خاماسنى قوللىشى سەۋەبلىك ئامېرىكىنىڭ قويغان جازالىرىغا تولۇق باش ئەگمىگۈچە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى ھەر قانداق بولغۇسى نورماللىشىشنى رەت قىلىشى كېرەك.

## ئامېرىكا ۋە خىتاي مالىيە ئەمەلدارلىرى بېيجىڭدا يىغىن ئاچتى

روyتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ ۋاشىڭتوندىن 18-يانۋار خەۋىرى:

ئامېرىكا ۋە خىتاي مالىيە ئەمەلدارلىرى 17-يانۋار چارشەنبە كۈنى بېيجىڭدا ئىككى كۈنلۈك يىغىن ئاچقان. يىغىندا ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇقىملىق ۋە پۇل-مۇئامىلە بازىرى مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىنغان.

ئامېرىكا مالىيە ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بۇ يىغىن ھەققىدە توختىلىپ، يىغىندا دۇنيا بانكىسى، خەلقئارالىق پۇل-مۇئامىلە فوندلىرى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا چېگرا ھالقىغان پۇل تۆلەش مېخانىزمى قاتارلىق مەسىلىلەر ئانالىز قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىغىننى ئۇيۇشتۇرغان خىزمەت گۇرۇپپىسى ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى جەنەت يېلىن ئالدىنقى يىلى ئىيۇل ئېيىدا بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن تەشكىللەنگەن ئىكەن.

## خىتاي ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خۇشال ياشاۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى

ئامېرىكا ئاۋازى خەۋەرلەر تورىنىڭ 23-يانۋار خەۋىرى:

23-يانۋار سەيشەنبە كۈنى شىۋىتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا، خىتايغا ئالاقىدار كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى تەرىپىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خوڭكوڭدا ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرى غەرپ ئەللىرى تەرىپىدىن تەنقىدلەندى.

خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئائىت بۇ تەكشۈرۈش جەريانى ب د ت سابىق كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىچېل باچېلېتنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە قارىشى ئېغىر تەنقىدىي دوكلاتىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈش جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

مىچېل باچېلېت ھوقۇق يۈرگۈزۈش مۇددىتى توشۇشتىن بىر نەچچە مىنۇت ئاۋۋال ئېلان قىلغان 2022-يىلى، 1-ئايدىكى دوكلاتىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئېلىپ بارغانلىقى، خىتاينىڭ بۇ دەپسەندىچىلىكىنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئالدىنقى سەيشەنبە، 23-يانۋاردىكى يىغىندا ب د ت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى خىتاينى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئاتالمىش تەربىيەلەش مەركەزلىرىگە سولىۋالغان، ئۇلارنى سېستىملىق، كەڭ دائىرىلىك ھالدا خورلىغان دەپ ئەيىبلىگەن.

خىتاينىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەمەلدارى چېن شۈ بولسا خىتاينى ئاقلاپ «بىز ھەممە كىشىلەرنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز. بىز شىنجاڭ خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدايمىز. بىز شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئەھمىيەت بېرىمىز. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز» دېگەن. چېن شۈ يەنە رېئاللىقنىڭ دەل ئەكسىنى سۆزلەپ «بىز شىنجاڭدا قانۇنغا بىنائەن تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇشىۋاتىمىز. يەتتە يىلدىن بېرى شىنجاڭدا زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇققا ئالاقىدار ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى. شىنجاڭ خەلقى مۇقىملىقنىڭ ۋە گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈۋاتىدۇ» دېگەنلەرنى بايان قىلغان.

يىغىندا ئالدىنقى يىللاردىكىگە ئوخشاشلا غەرب دۆلەتلىرى خىتاينى ئەيىپلەش مەيدانىدا بولغان. بىر ئوچۇم ئاتالمىش ئىسلامىي ئەللەرنىڭ ۋەكىللىرى بولسا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قانلىق سىياسەتلىرىنى ۋە جىنايەتلىرىنى ئاقلاش مەيدانىنى تۇتقان.

ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ھەققانىي خەۋەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان تۈركىيەدىكى خۇسۇسىي ئاخبارات ئورگىنى — قىرىم خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 24-يانۋاردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينى ئەيىبلىگەن 31 دۆلەت ئارىسىدا تۈركىيەمۇ بار ئىكەن.

«theprint» تورىنىڭ ئالاقىدار خەۋىرىدە بىلدۈرۈلىشچە، بۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، بىر بۆلۈك شەرقىي تۈركىستانلىق ۋە تىبەتلىك نامايىشچىلار ب د ت خىزمەت بىناسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن.

## خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدا قولى بار خۇاۋېي شىركىتى تۈركىيەدە

تۈركىيەدە قىرىم خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 24-يانۋار خەۋىرى:

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدا قولى بار بولغان خىتاي تېخنولوگىيە گورۇھى خۇاۋېي ياۋروپا بازىرىغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تۈركىيەنى بازا قىلدى.

تېخنولوگىيە ساھەسىدە شىددەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئۈستىدىكى زۇلۇمىنى داۋام قىلماقتا. خىتاي خۇاۋېي شىركىتى تەمىنلىگەن تېخنولوگىيىلەر ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى يىغىۋېلىش مەركەزلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق كونترول قىلماقتا.

خۇاۋېي شىركىتى يەنە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى سۈنئىي ئەقىل ئارقىلىق تونۇۋالىدىغان تېخنولوگىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىتاينىڭ ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسىگە ئىلتىماس قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان.

خۇاۋېي شىركىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى جازالاش ۋە كونترول قىلىش جەھەتتىكى خەلقئارا قانۇنغا زىت ئىجرائاتلىرىغا قولچۇماقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر قاتار دېموكراتىك دۆلەتلەر ئىنسانلارنىڭ دېموكراتىك ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشقا قولچۇماقچى بولغان خۇۋاي شىركىتى بىلەن بولغان توختاملىرىنى

بىكار قىلغان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، خۇاۋېي تۈركىيەنى چەتئەللەرگە كېڭىيىشتىكى يېڭى بېكەت قىلىپ تاللىغان.

خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئالدىنقى ھەپتە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «خىتاي-ياۋروپا لىدېرلار مۇنبىرى يىغىنى» دا، خۇاۋېينىڭ ياۋروپا بازىرىغا يۈرۈش قىلىشىدا تۈركىيەنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى تەكىتلەنگەن. يىغىننىڭ «تۈركىيە مەبلەغ سېلىشتىكى يېڭى بېكەت» ماۋزۇلۇق بۆلىكىدە، ياۋروپاغا ئېچىلغان ئىشىك سۈپىتىدىكى تۈركىيەنىڭ خىتاي شىركەتلىرىنى سودا ۋە ئىقتىسادىي ئەۋزەللىك بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى مۇھاكىمە قىلىنغان. خۇا ۋېي شىركىتى كلود ئىجرائىيە كومىتېتى دېرىكتورى چاڭ شيۇسىڭ بۇ يىغىندا، تۈركىيەنىڭ خۇاۋېي ۋە باشقا خىتاي شىركەتلىرى ئۈچۈن بازار ئېچىش جەھەتتىكى مۇھىم بىر بازا ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى تىلغا.

## خىتاينىڭ ئۆزبېكىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 24-يانۋار بېيجىڭدىن خەۋىرى:

خىتاي 24-يانۋار چارشەنبە ئۆزبېكىستان بىلەن بولغان بولغان دىپلوماتىك ئالاقىنى كۈچەيتىش يولىدا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بىر قاتار كۈچلۈك ھەمكارلىق لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ھەمكارلىق لايىھەلىرى بىر يۈرۈش مۇھىم تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ تۈرلەر ئارىسىدا يەنە قاتناش-ترانسپورت ساھەسىدىكىلەر دۆلەت ئارىسى توشۇش پائالىيەتلىرىدە ئىشلىتىشتىن قىچىۋاتقان رۇسىيەنى كېسىپ ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇق يولىنىڭ ئورنىغا، ئوتتۇرا ئاسىيا تۆمۈر يولى ئارقىلىق ئىككى دۆلەت ئارىسىدا سودا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش تۈرىمۇ مەۋجۇت ئىكەن.

خەۋەردە رويېترس ئاگېنتلىقى خىتاينىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىن نەقىل ئېلىپ، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ئۆزبېكىستان پرزدېنتى شاۋكەت مىرزىيايېف بىلەن بېيجىڭدا كۆرۈشۈش ئارقىلىق، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرىكى «كەڭ دائىرىلىك ئىستراتېگىيىلىك شېرىكچىلىك» مۇناسىۋىتىدىن «ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆز-ئارا ھەمدەم بولىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەت»كە كۆتۈرۈلگەننى قەيت قىلغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولىشىچە، «ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆز-ھارا ھەمدەم بولىدىغان ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەت» دېگەنلىك — دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ۋەزىيەت مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر ۋاقىت دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىشنى كۆرسىتىدىكەن.

خەۋەردە دېيىلىشىچە، خىتاي تەرەپ ئۆزىنىڭ ئۆزبېكىستان بىلەن يېڭى ئېنېرگىيە قاتناش ۋاسىتىلىرى سانائەت زەنجىرى، شامال ئېنېرگىيىسى ۋە ھېدرو ئېنېرگىيە سانائىتى جەھەتلەردە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## تۈركىيەدىكى قىزىل مۇشۇك نەشرىياتى خىتايدا ئىشخانا ئاچتى

تۈركىيەدە چىقىدىغان جۇمھۇرىيەت گېزىتى تورىنىڭ 23 ـ يانۋاردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلىشىچە، مەركىزى ئىستانبۇلغا جايلاشقان «قىزىل مۈشۈك» نەشرىياتى خىتاينىڭ چىڭداۋ شەھىرىدىكى دۇنيا خىتايشۇناسلىق مەركىزى بىناسىدا ئىشخانا ئاچقان بولۇپ، مەزكۇر نەشرىيات تۈرك نەشرىياتلىرى ئارىسىدا خىتايدا ئىشخانا ئاچقان تۇنجى نەشرىيات ھېسابلىنىدىكەن.

خەۋەدە كۆرسىتىلىشىچە، تۈرك نەشرىياتىنىڭ خىتايدا ئىشخانا تەسىس قىلىشىدا تۈرك كۈلتۈرى بىلەن خىتاي كۈلتۈرى ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مەدەنىيەت دىئالوگىنى كۈچلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان ئىكەن.

خەۋەردىن مەلۇم بولىشىچە، دۇنيا خىتايشۇناسلىق مەركىزى دېرىكتورى شۈ باۋفېڭ تۈرك نەشرىياتىنىڭ خىتايدا ئىش باشلىشىنىڭ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىشنى يېڭى سەۋىيەگە ئېلىپ چىقىشقا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خەۋەردە دېيىلىشىچە، تۈرك نەشرىياتىنىڭ خىتايدا ئىش باشلىشىدا خىتاي بىلەن تۈركىيە ئارىسىدا ئەدەبىي ۋە ئاكادېمىك ھەمكارلىق ھاسىل قىلىشمۇ پىلانلانغان ئىكەن.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



**ۋاققاس ئابباس ئوغلى مەمەدىنوۋ**

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ تۆھپىكار ئوغلانلىرىدىن
ھۆرمەتلىك ۋاققاس ئابباس ئوغلى مەمەدىنوۋ ئەپەندىم


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
ھەتتا ئەڭ زۇلمەت كېچىمۇ ئاياقلىشىدۇ، قۇياش چىقىپ تاڭ ئاتىدۇ. - ۋىكتور ھيۇگو